# خوتەن گېزىتى

1990-يىل دېكابىر 18 (سەيشەنبە) 4911-سان

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN65—0053/Z، ۋەكالەت نومۇرى: 28—57


## خوتەن ناھىيىسىنىڭ بوزاق يېزىسىدا يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئۇڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلماقتا

ئۆز مۇخبىرىمىز تۇرغۇن ئابدۇقادىر، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز تالىڭۋا ئىمىنلار خەۋەر قىلىدۇ: ۋىلايەت ۋە خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسى بوزاق يېزىسىغا بارغاندىن كېيىن، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتە ئۇچاستكىلار بويىچە ھۆددىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەتنى ئادەمگە قەدەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت خىزمەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، تەكشۈرۈپ تەكتىنى ئېنىقلاش باسقۇچىدىكى خىزمەتلەرنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، پۇختىلاپ نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىگە ياخشى ئاساس ياراتتى.

ئەھۋاللارنى توغرا ئىگىلەش ئۈچۈن، خىزمەت گۇرۇپپىسى يېزىلىق پارتكومغا زىچ ماسلىشىپ، يېزا-كەنتلەرنى قاتلاممۇ قاتلام سەپەرۋەر قىلىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە كەڭ ئاممىغا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئەھمىيىتى، مەقسىتى، ئۇسۇلى ۋە قەدەم-باسقۇچلىرىنى قىزغىن، سەۋرچانلىق بىلەن سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ، كادىرلار ۋە ئامـ

نى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىگە ئاكتىپ ماسلىشىش ئىمكانىيىتىگە قىلدى. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى 25 نەپەر خادىم ئىككى-ئۈچ ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ، پارتىيە تەشكىلاتى، كەنت ئىدارىسى، كومسومول ئىتتىپاقى، ئاياللار، خەلق ئەسكەرلىرى قاتارلىق جەھەتلەر بويىچە بۆلۈنۈپ، پارتىيە ياچېيكا ھەيئەتلىرى، كەنت گۇرۇپپا كادىرلىرى، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم ياچېيكا شۇجىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان دېھقانلاردىن چوڭقۇر ئىگىلىدى. تەكشۈرۈش جەريانىدا ياخشى، ئوتتۇراھال، ناچار تىپلارنى مەقسەتلىك ھالدا ياخشى تاللاشقا دىققەت قىلىپ، بايقالغان مەسىلىلەرنىڭ تېخىمۇ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەش ئارقىلىق، ھازىر يېزا بويىچە 13 كەنت پارتىيە تەشكىلاتىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى، رولى، تۇرمۇشى، مەدەنىيەت، دىنىي ئېتىقاد ۋە ياش قۇرۇلمىسى قاتارلىق ئەھۋاللار ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلىنىپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، كوللېكتىپ ئىگىلىك ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ۋە ھەرقايسى تەشكىلاتلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى توغرىسىدا كەڭ تۈردە تەكتىنى ئېنىقلاش ئېلىپ بېرىلىپ، كېيىنكى باسقۇچتىكى خىزمەتلەرنىڭ ئۇڭۇشلۇق قانات يېيىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاندى.

## زاۋا داۋبەنى مەملىكەت بويىچە «ئۈن قوش ئەلا» يول ئاسراش داۋبەنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جاۋ پىڭفېي، قەييۇم ئابدۇقادىرلار خەۋەر قىلىدۇ: تاشيول ئاسراش ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ خالىس تۆھپە قوشۇشتەك دەۋر روھىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، قاتناش مىنىستىرلىكى قۇرۇلۇش باشقۇرۇش مەھكىمىسى، «جۇڭگو قاتناش گېزىتى» ئىدارىسى، جۇڭگو تاشيول تىرانسپورت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان تۇنجى قېتىملىق مەملىكەت بويىچە يول ئاسراش ئىشچىلىرى، يول ئاسراش داۋبەنلىرىنىڭ «ئۈن قوش ئەلا» باھالاش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى يېقىندا ئېلان قىلىندى. ۋىلايىتىمىز تاشيول باشقۇرۇش ئەترىتىگە قاراشلىق قاراقاش ناھىيە زاۋا داۋبەنى بۇ پائالىيەتتە مەملىكەت بويىچە «ئۈن قوش ئەلا» يول ئاسراش داۋبەنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

بۇ قېتىمقى «ئۈن قوش ئەلا» باھالاش پائالىيىتىنىڭ غەربىي شىمال رايونى باھالاش گۇرۇپپىسى بۇ يىل 9-ئاينىڭ ئاخىرىدا ۋىلايەتلىك تاشيول باشقۇرۇش ئەترىتىگە قاراشلىق زاۋا داۋبەنى ئاسرايدىغان 35 كىلومېتىر يولنىڭ قىياپىتى، داۋبەن باشقۇرۇش، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار ئۈستىدە كونكرېت تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش، ئۆگىنىش ۋە قىيىنچىلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىگەن. باھالاش گۇرۇپپىسى بۇ داۋبەننىڭ بىر قانچە يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن شان-شەرىپى ۋە نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، يول ئاسراش ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ چۆلدە يىلتىز تارتىپ، خاتىرجەم خىزمەت قىلىپ، يول ئاسراشنى كەسىپ، داۋبەننى ئائىلە، دەپ بىلىشتەك خالىس تۆھپە قوشۇش روھىنى يۈكسەك دەرىجىدە ماختىدى.

غەربىي شىمال رايونى باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشى ئارقىلىق ۋىلايەتلىك تاشيول باشقۇرۇش ئەترىتىگە قاراشلىق زاۋا داۋبەنى مەملىكەت بويىچە «ئۈن قوش ئەلا» داۋبەنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

ۋىلايەتلىك تاشيول باشقۇرۇش ئەترىتىدىن بىر نەپەر رەھبەر ۋە زاۋا داۋبەنىنىڭ باشلىقى بۇ يىل 12-ئاينىڭ 22-كۈنى قاتناش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئېچىلىدىغان مەملىكەت بويىچە «ئۈن قوش ئەلا» يول ئاسراش ئىشچىلىرى، يول ئاسراش داۋبەنلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بارىدۇ.

## بوزاق يېزىسىدا پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرىغا تېلېۋىزىيە تەربىيىۋى فىلىمىدىن پايدىلىنىپ ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى


ۋىلايەت ۋە خوتەن ناھىيىسىنىڭ بوزاق يېزىسىدا تۇرۇشلۇق يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى خىزمەت گۇرۇپپىسى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى جەريانىدا، پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، تېلېۋىزىيە تەربىيىۋى فىلىمىدىن پايدىلىنىپ، يېزا-كەنتلەردىكى پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرىغا قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

12-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە، بۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى بوزاق يېزىسىدىكى 13 كەنتنى بەش نۇقتىغا

توپىلاڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى» شۇندىقلا «ئاۋانگارتلار ناخشىسى» دىكى بىر نەچچە نەمۇنىچى پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئىش-ئىزلىرى بايان قىلىنغان سىنئالغۇ فىلىملىرىنى يىگىرمە سائەتكە يېقىن قويدى. ھەرقايسى كەنتلەردىكى پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى، كەنت گۇرۇپپا كادىرلىرى ۋە بىر قىسىم ئاممىدىن بولۇپ 500 دىن كۆپرەك ئادەم سىنئالغۇ فىلىملىرىنى كۆرۈپ، بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇپ يېتىپ، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن



خوتەن شەھىرى پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سەپىگە يۈزلەندۈرۈپ، دېھقانلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، ئەلا سورتلارنى داۋاملىق كېڭەيتىش، باغۋەن-



قاتلام كادىرلىرى ۋە كەڭ ئاممىغا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئەھمىيىتى، مەقسىتى، ئۇسۇلى ۋە قەدەم-باسقۇچلىرىنى قىزغىن، سەۋرچانلىق بىلەن سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى غەم-ئەندىشىلىرىنى تۈگىتىپ، ئۇلار-

يېزا - كەنتلەردىكى پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرىغا قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

12-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە، بۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى بوزاق يېزىسىدىكى 13 كەنتنى بەش نۇقتىغا بۆلۈپ «كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرى-ئاتىزەمچىلار»، «بارىن يېزىسىدىكى

ئەزالىرى، كەنت گۇرۇپپا كاتىپلىرى ۋە بىر قىسىم ئاممىدىن بولۇپ 500 دىن كۆپرەك ئادەم سىنئالغۇ فىلىملىرىنى كۆرۈپ، بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇپ يېتىپ، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى بەزى مۇجمەل تونۇشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىپ، بۇ يېزىنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى.

(تاڭ گۇاڭمىڭ)

لەندۇرۇپ، دېھقانلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، ئەلا سورتلارنى داۋاملىق كېڭەيتىش، باغۋەنچىلىك تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈشكە يېتەكلەپ، دېھقانلارنىڭ پەن-تېخنىكا ئارقىلىق بېيىش قەدىمىنى تېزلەتتى.

سۈرەتتە: تېخنىكلار دېھقانلارغا ئەلا سورتلۇق ئالمىلارنى ئۇلاپ كېڭەيتىش تېخنىكىسىنى ئۆگەتمەكتە. (راخمان ئوبۇل فوتوسى)

## ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى بويىچە «قاراقاش ئولكىسى» مۇسابىقە پائالىيىتى ئاياغلاشتى

قاراقاش ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئۆز ناھىيىسىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن 10-ئاينىڭ بېشىدا قىش پەسىللىك ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى بويىچە «قاراقاش ئولكىسى» مۇسابىقە پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. 12-ئاينىڭ 8-كۈنىگىچە ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئىككى كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ بۇ پائالىيەتنى تەكشۈرۈپ باھالىدى. كۆپچىلىك بۇ قېتىمقى مۇسابىقە پائالىيىتىنىڭ ئۈنۈمى گەۋدىلىك بولدى، دەپ ھېسابلىدى. بۇ پائالىيەت داۋامىدا ھەر قايسى يېزا - بازارلاردا بىنا قىلىنغان يېڭى كارىزدىن تەخمىنەن 260 كىلومېتىرغا، تاش ياتقۇزۇلغان يول تەخمىنەن 500 نەچچە كىلومېتىرغا، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ 150 كىلومېتىرغا يەتكەن. بۇ جەھەتتە كۇيا يېزىسىنىڭ نەتىجىسى گەۋدىلىك بولۇپ، 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغان؛ ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىپ، يېزا بويىچە 29 كەنتنىڭ سالا ئېتىزىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ، يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، «قاراقاش ئولكىسى» ۋە قىزىل بايراققا ئېرىشتى.

ئۆمەرجان ئېلى

(ئۆز مۇخبىرىمىز)



يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كۆمۈرچىلىك تېخنىكلىرىنى پۈتتۈرگەن بىر تۈركۈم ياشلار دۇۋا كۆمۈر كېنىغا ئارقا - ئارقىدىن كەلدى. ئۇلار شارائىتنىڭ قانچىلىك جاپالىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە بېرىپ، كىشىلەرگە ئىللىقلىق بېغىشلاش يولىدا ياشلىق باھارىنى تەقدىم قىلماقتا.

سۈرەتتە: بۇ ياش تېخنىكلار قۇدۇق ئاستىغا چۈشۈش ئالدىدا.

(ئۆز مۇخبىرىمىز راخمان ئوبۇل خەۋىرى ۋە فوتوسى)

## قىسقا خەۋەرلەر

كېرىيە ناھىيىسى سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى، ئاساسىي لۇشيەنى ئارقىلىق، ھەر مىللەت كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلىدى. 12-ئاينىڭ 7-كۈنى چۈشتىن كېيىن ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى پۈتۈن ناھىيىدىكى كادىرلار ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تېلېۋىزىيە نەزەرىيىۋى فىلىمى «ئەسىرگە سەپەر — تۆت ئاساسىي پرىنسىپ ھەققىدە سۆھبەت»نى كۆرۈشكە تەشكىللەپ، ھەر مىللەت كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى بىر قېتىم چوڭقۇر سوتسىيالىزم ئىدىيىسى تەربىيىسىگە ئىگە قىلدى.

(ماجە نىشەن)

لوپ ناھىيىسى مۇشۇ ئاينىڭ 6-كۈنى چوڭ يىغىن ئېچىپ، 4-قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى ھەمدە بۇ خىزمەتتە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار بولغان ھاڭگىيا يېزىسى بىلەن لوپ بازىرى ۋە بەش نەپەر ئىلغار شەخسكە ئاپتونوم رايونغا ۋەكالىتەن مۇكاپات بېرىپ، شەرەپ گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى. ناھىيە بويىچە توققۇز ئىلغار كوللېكتىپ، 50 نەپەر ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

ئابدۇرېھىم كېرەم

## «ھاڭگۇت ئولكىسى» ئاخبارات ماقالىسى قوبۇل قىلىش ئېلانى

ۋىلايىتىمىزنىڭ پوچتا-تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرىنىڭ تۈزەش، ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە خەلق تۇرمۇشىدىكى رولىنى نامايەن قىلىش، پوچتا-تېلېگراف سېپىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پىداكارلىق بىلەن ئۆزىنى تەقدىم قىلىشتەك ئالىيجاناپ روھىنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى بىلەن «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسى بىرلىشىپ «ھاڭگۇت ئولكىسى» مۇكاپاتلىق ئاخبارات ماقالىسى قوبۇل قىلىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇشنى قارار قىلدى.

1. قوبۇل قىلىنىدىغان ماقالىلەرنىڭ شەكلى جەھەتتە خەۋەر، تەپسىلىي خەۋەر، ئوچېرك قاتارلىقلار ئاساس قىلىنىدۇ. نادىر گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىمۇ مۇۋاپىق ساندا ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ.

2. ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتى «خوتەن گېزىتى»نىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچىسىدا بىرلا ۋاقىتتا ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. قوبۇل قىلىنغان ماقالىلەر 1991-يىلى 1-ئايدىن باشلاپ گېزىتتە ئېلان قىلىنىپ، 5-ئاينىڭ ئاخىرى ئېلان قىلىش توختىتىلىدۇ، 6-ئايدا باھالاپ مۇكاپاتلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

3. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات ۋە بىر نەچچە رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتى تەسىس قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىككىدىن ئۈچ پارچىغىچە نادىر گۈزەل سەنئەت ئەسىرى، ئۈچ پارچىدىن بەش پارچىغىچە نادىر فوتو سۈرەت ئەسىرى باھالاپ چىقىلىپ مۇكاپاتلىنىدۇ.

ئىختىيارىي مۇخبىرلار ۋە ئىشتىن سىرتقى ئاپتورلارنىڭ بەس - بەس بىلەن ماقالە ئەۋەتىشىنى قارشى ئالىمىز. ماقالە ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ ماقالىغا «ھاڭگۇت ئولكىسى» ئۈچۈن قوبۇل قىلىنىدىغان ماقالە دەپ ئەسكەرتىپ قويۇشىنى سورايمىز.

ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى

«خوتەن گېزىتى» ئىدارىسى

1990-يىلى 12-ئاينىڭ 15-كۈنى

( بۇ بەتنىڭ مەسئۇل تەھرىرى: ئابدۇقادىر ئابدۇۋاييىت )

www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com

بولغانلار 54 مىڭ 990 كىشى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلار 126 مىڭ 177 كىشى، باشلانغۇچ مەكتەپ بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلار 639 مىڭ 919 كىشى (يۇقىرىدىكى ھەر خىل بىلىم سەۋىيىسىدىكى كىشىلەر ھەر

گىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ئومۇمىي نوپۇسى 80 مىڭ 259 كىشى بولۇپ، ۋىلايىتىمىزدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 5.61 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بازارلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 67 مىڭ 116 كىشى بولۇپ، ۋىلايىتىمىزدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 4.70 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

## چىرا ناھىيىسى نامرات ئائىلىلەرگە ئېتىبار بېرىش چارىسىنى يولغا قويۇپ، بەش يىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ 2 مىليون 678 مىڭ يۈەن راسخوتىنى كەچۈرۈم قىلدى

نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، چىرا ناھىيىلىك پارتكوم نامرات ئائىلىلەرگە سىياسەتنى تېخىمۇ كەڭ قويۇۋېتىپ، ئېتىبار بېرىش چارىسىنى يولغا قويۇپ، بەش يىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ 2 مىليون 678 مىڭ 430 يۈەن قىممىتىدىكى ھەر خىل راسخوتلىرىنى كەچۈرۈم قىلدى.

1986-يىلى قەشقەردە ئېچىلغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم ئىلگىرىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، قايتا-قايتا تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىپ، ئامما بىلەن كادىرلاردىن كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىش ئارقىلىق، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھەر خىل راسخوتلىرىنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتى بېرىش توغرىسىدا 13 ماددىلىق قارار چىقاردى.

ھەرقايسى يېزا-بازار ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قارارىنى ئاكتىپ ئىجرا قىلىپ، 1986-يىلدىن 1990-يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە نامرات ئائىلىلەرنىڭ 1 مىليون 104 مىڭ 316 يۈەن دېھقان بېجى، 327 مىڭ 647 يۈەن سۇ راسخوتى، 161 مىڭ 35 يۈەن چارۋا بېجى، چارۋا ماللارنى داۋالاش، تەسىللەندۈرۈش ۋە يايلاق راسخوتى، 426 مىڭ 958 يۈەن كوللېكتىپ ئۈچ خىل فونددىنى، 82 مىڭ ئالتە يۈز نامرات ئائىلىلەرنىڭ مائارىپ فوندى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان پەرزەنتلىرىنىڭ كىتاب سېتىۋېلىش ھەم تاماق راسخوتى، 568 مىڭ 631 يۈەن تارىخىي كونا قەرزلىرىنى، 5446 يۈەن باشقۇرۇش راسخوتى، 2391 يۈەن سودا تىجارەت راسخوتى قاتارلىقلارنى كەچۈرۈم قىلدى. كەچۈرۈم قىلىنغان راسخوتلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليون 678 مىڭ 430 يۈەنگە يېتىپ، ھەر بىر نامرات ئائىلىگە ئوتتۇرىچە 402 يۈەندىن باراۋەر كەلدى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى يېزا-بازارلار ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قارارىغا ئاساسەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ 614 مىڭ 833 يۈەن قەرزىنىڭ تۆلەش ۋاقتىنى ئۇزارتتى، 72 مىڭ 896 كۈن مەجبۇرىيەت ئەمگىكىنى كۆتۈرۈۋەتتى. 5 مىڭ 245 مو ناچار يەرنى ياخشى يەرگە ئالماشتۇرۇپ بەردى. چىرا يېزىسىنىڭ بەش يىل ئىچىدە نامرات ئائىلىلەردىن كەچۈرۈم قىلغان ئومۇمىي راسخودى 669 مىڭ 17 يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە كەچۈرۈم قىلغان ئومۇمىي راسخوتنىڭ 24.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، دامكۇ يېزىسىنىڭ بەش يىلدا كەچۈرۈم قىلغان ئومۇمىي راسخوتى 596 مىڭ 512 يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە كەچۈرۈم قىلىنغان ئومۇمىي راسخوتنىڭ 22.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، بۇ يېزىدىكى ھەر بىر نامرات ئائىلىگە ئوتتۇرىچە 689 يۈەندىن باراۋەر كەلدى.

مۇھەممەتئىمىن قۇربان

## قىسقا خەۋەرلەر

لوپ ناھىيىسىدىكى ھاڭگىيا يېزىسىنىڭ باشقىنتا كەنت 1-مەھەللە گۇرۇپپىسىدىكى مۇھەممەتروزى ئۆز يېنىدىن 270 يۈەن چىقىرىپ قۇدۇق كولاپ، مەھەللىسىدىكى 45 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ سۇ ئىچىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ھىدايەت ئەخمەت

لوپ ناھىيىسىدىكى ھاڭگىيا يېزىسى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن 98 مىڭ 450 يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىپ، 11-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 12-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە 72 مىڭ 125 مېتىر كېلىدىغان 175 چوڭ-كىچىك يولنى رېمونت قىلىپ، يول يۈزىگە شېغىل ياتقۇزۇپ چىقتى.

بۇۋىئايشە كېرەم

چىرا ناھىيىسىدىكى بوستان يېزىسى دېھقانلىرى قىش پەسلىدىكى ئارىسالدى ۋاقىتتا ئوغۇت توپلاشقا سەپەرۋەر قىلىندى. ئۇلار ئېغىل ۋە ياتاقلاردىن 71 مىڭ توننىدىن ئارتۇق ئوغۇتنى ئاق يەرگە يۆتكەپ چىقتى ۋە چىرىتىش ئۈچۈن ئېغىل قوتانلارغا ئوت-چۆپ چۈشۈردى.

مۇھەممەت مەڭلىك

| تۈرى | بىرلىكى | 1990-يىلى نوپۇسنى تۆتىنچى قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش | 1982-يىلى نوپۇسنى ئۈچىنچى قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش | 1990-يىلدىكى بىلەن 1982-يىلدىكىنىڭ سېلىشتۇرمىسى |
|---|---|---|---|---|
| 1. ئومۇمىي نوپۇس | ئادەم | 1429976 | 1161709 | %23.09 كۆپەيگەن |
| 2. تەبىئىي ئۆزگىرىش② | | | | |
| تۇغۇلۇش نىسبىتى | ‰ | 35.74 | 39.46 | ‰3.73 كېمەيگەن |
| ئۆلۈش نىسبىتى | ‰ | 8.69 | 12.88 | ‰4.19 كېمەيگەن |
| تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى | ‰ | 27.05 | 26.58 | ‰0.47 كۆپەيگەن |
| 3. ھەر ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىچە ئادەم سانى | ئادەم | 4.21 | 3.79 | 0.42 ئادەم كۆپەيگەن |
| 4. جىنسىي ئايرىمىسى (ئاياللار = 100) نىسبىتى | % | 105.49 | 105.33 | %0.16 كۆپەيگەن |
| 5. مىللەت | | | | |
| خەنزۇلار | ئادەم | 42176 | 38877 | %9.60 كۆپەيگەن |
| ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر | ئادەم | 1387800 | 1122832 | %23.56 كۆپەيگەن |
| 6. ھەر 100 مىڭ ئادەم ئىچىدىكى ھەر خىل مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەرنىڭ ئادەم سانى | | | | |
| ئالىي مەكتەپ | ئادەم | 53 | 24 | %120.83 كۆپەيگەن |
| تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | ئادەم | 385 | 304 | %26.64 كۆپەيگەن |
| تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | ئادەم | 882 | 820 | %7.56 كۆپەيگەن |
| باشلانغۇچ مەكتەپ | ئادەم | 4475 | 3249 | %37.73 كۆپەيگەن |
| 7. ساۋاتسىز، يېرىم ساۋاتلىق③لارنىڭ ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدىكى ئىگىلىگەن سالمىقى | ئادەم | 253807 | 363040 | %30.09 كېمەيگەن |
| | % | 17.75 | 31.25 | %13.50 كېمەيگەن |
| 8. شەھەر، بازار نوپۇسىدىكىلەر سانىنىڭ ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدىكى ئىگىلىگەن نىسبىتى | ئادەم | 147375 | 120454 | |
| | % | 10.31 | 10.37 | |

ئىزاھات: ① شەھەر، بازارلارنىڭ نوپۇسى دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئۆلچىمىگە ئاساسەن ھېسابلاپ چىقىلغان. شەھەر نوپۇسى رايون تەسىس قىلىنغان شەھەرگە قاراشلىق رايونلارنىڭ نوپۇسى ۋە رايون تەسىس قىلىنمىغان شەھەردىكى يېزا نوپۇسىدىن باشقا بارلىق نوپۇسنى كۆرسىتىدۇ. بازار نوپۇسى رايون تەسىس قىلىنمىغان شەھەرگە قاراشلىق بازار ئاھالە كومىتېتلىرى نوپۇسى ۋە ناھىيىگە قاراشلىق بازار ئاھالە كومىتېتلىرى نوپۇسىنى كۆرسىتىدۇ.

② تەبىئىي ئۆزگىرىش ۋاقتى: 1990-يىلى نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈشتىن 12 ئاي بۇرۇنقى سانلىق مەلۇماتنى، 1982-يىلى نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە 1981-يىلدىكى سانلىق مەلۇماتنى كۆزدە تۇتىدۇ. ③ ساۋاتسىز، چالا ساۋاتلىقلارنىڭ نوپۇسى 15 ياشتىن تۆۋەن، 15 ياشتىن يۇقىرى بولغان، خەت تونۇمايدىغان ياكى ئاز تونۇيدىغانلارنىڭ نوپۇسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەۋلاد كۇتۇپخانىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## سادام دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىش ئىرادىسىنى قايتا تەكىتلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، باغداد، 10-دېكابىر خەۋىرى.** ئىراق ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىر بەرگەن قارىغاندا، ئىراق زۇڭتۇڭى سادام بۈگۈن ھەربىي جەھەتتىكى كۈچ سىنىشىشتا رەقىبىنى يېڭىش ئىرادىسىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى.

سادام ئىچكى كابىنېت يىغىنىدا مۇنداق دېدى: ئىراق تىنچلىقنى ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن، ئەگەر دۈشمەن ھەربىي جەھەتتە كۈچ سىنىشىمىز دەيدىكەن، ئىراق ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

سادام مۇنداق دېدى: ئىراق چەتئەللىك ئەرەب نەپتى ۋە ئەرەب ماكانىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى مەڭگۈ قوبۇل قىلالمايدۇ، ئىسرائىلىيەنىڭ ئەرەب زېمىنى ۋە پەلەستىن زېمىنىنى ئىشغال قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ.

## ئىراق خەلق مۇداپىئە مەركىزى قۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 14-دېكابىر خەۋىرى.** ئىراق ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ 12-كۈندىكى خەۋىر بەرگەن قارىغاندا، ئىراق يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، باغدادتا 370 خەلق مۇداپىئە مەشىقى مەركىزى قۇرغان.

بۇ ئاخبارات ئاگېنتلىقى مۇنداق دېدى: بۇ مەركەزلەردە كىشىلەرگە «جىددىي ئەھۋال»غا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگىتىپ تۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق ئادەم ۋە ماددىي نەرسىلەرنىڭ زىيانىنى ئۇچرىشىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە ئازايتىدۇ.

باغداد تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ھازىر ھەر كۈنى خەلق مۇداپىئە مەشىقى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يالانما خادىملىرىغا خەلق مۇداپىئە دەرسى ئۆتۈلىۋاتقان پروگراممىلارنى كۆرسەتمەكتە.

ئىراقنىڭ بەزى ئۆلكىلىرىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەركەزلەر قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

---

كىلىدۇ، دۆلەتنىڭ پاراۋانلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى يۆلەش، قوغداش سىياسىتى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتى، دۆلەت باجىنى ئازايتىش، كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىنى ئۆزگەرتمىدى، يەنە پاراۋانلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات فون-

---

قارارلاردا مۇنداق دەپ كۆرسىتىل-


... تەرلىكىگە تەھدىت سالىدۇ.

... ئىسرائىلىيەنىڭ ئەرەب زېمىنىنى بېسىۋېلىشىغا ياردەم بەرگەنلىك، ئىسرائىلىيەنىڭ ئەرەب ئەللىرى ۋە پەلەستىن خەلقىگە قارىتا تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنى داۋاملىق يۈرگۈزۈشىگە ئىلھام بەرگەنلىك بولىدۇ.

قارارلاردا ئىسرائىلىيەنىڭ 1967-يىلى بېسىۋالغان ئەرەب زېمىنلىرىدىن بارلىق قوشۇنلىرىنى شەرتسىز چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىشى لازىملىقى كۆرسىتىلگەن ھەمدە شۇنداق قىلغاندىلا ئوتتۇرا شەرق رايونىدا ئومۇميۈزلۈك، ئادىل ۋە مەڭگۈلۈك تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقى قايتا تەكىتلەنگەن.

ب د ت يىغىنى ب د ت نىڭ رىياسەتچىلىكىدە، خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ دائىمىي ئەزا بەش دۆلەت ۋە پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىدىكى ھەر قايسى تەرەپلەر قاتناشقان ئوتتۇرا شەرق تىنچلىقى توغرىسىدا خەلقئارا يىغىن ئېچىشنى يەنە بىر قېتىم مۇراجىئەت قىلدى.

---



زايىر پايتەختى كىنشاسا زايىر دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان. بىر ئەسىر بۇرۇن بۇ يەر كىچىككىنە بىر بېلىقچىلىق كەنتى ئىدى. 1960-يىلى زايىر مۇستەقىل بولدى. 30 يىلغا يېقىن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، كىنشاسانىڭ قىياپىتى يېپ-يېڭى تۈسكە كىردى. بۈگۈنكى كۈندە كىنشاسا شەھەر رايونى بىلەن شەھەر ئەتراپىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 3 مىليون 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا، نوپۇسى 3 مىليون 100 مىڭغا يېتىپ، ئافرىقا بويىچە 3-چوڭ شەھەرگە ئايلاندى.

سۈرەتتە: كىنشاسا شەھىرى بويىچە ئەڭ ئېگىز قۇرۇلۇش — خاتىرە مۇنارى. بايرام كۈنلىرى بۇ يەرگە كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغان كىشىلەر توپىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى فوتوسى)**

---

## تۆۋەندىكى كېنىشكىلەر يوقالدى، ئىناۋەتسىز

△خوتەن ناھىيە ئىسلامئاۋات يېزىلىق ئاشلىق پونكىتىنىڭ 00744-46-نومۇرلۇق كوزۇپنىڭ نومۇر تاختىسى، 02802-46-نومۇرلۇق ئاپتوموبىلنىڭ 15757-نومۇرلۇق فۇجىيا فېي كېنىشكىسى △خوتەن شەھەر ئىلچى يېزىسىدىن ئېيزىز ئېلى نامىدا 980161-نومۇرلۇق تراكتور شوپۇرلۇق كېنىشكىسى △قاراقاش ناھىيە كويا يېزىسىدىن ئابدۇسەمەت نامىدا 1796-نومۇرلۇق موتوسىكلىت شوپۇرلۇق كېنىشكىسى △ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى شىركىتىنىڭ 02261-46-نومۇرلۇق ئاپتوموبىلنىڭ 009875-نومۇرلۇق فۇجىيا فېي كېنىشكىسى △قاراقاش ناھىيە توخۇلا يېزىسىدىن تۇرسۇن مەمەت نامىدا 02007-29-نومۇرلۇق تراكتورنىڭ يول يۈرۈش كېنىشكىسى △خوتەن 1-ترانسپورت شىركىتىدىن جېلىل ئەيسا نامىدا 00773-نومۇرلۇق ئاپتوموبىل شوپۇرلۇق كېنىشكىسى △كېرىيە ناھىيە قارقى يېزىسىدىن مەتىمىن رەجەپ نامىدا 02419-29-نومۇرلۇق تراكتورنىڭ يول يۈرۈش كېنىشكىسى △خوتەن شەھەرلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن سىراجىدىن نامىدا 31597-نومۇرلۇق سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى بىلەن تەمىنلىنىش كېنىشكىسى △خوتەن يېپەك-توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىن نۇرىلىخان نامىدا 87172-نومۇرلۇق دۆلەت خىراجىتى ھېسابىغا داۋالىنىش كېنىشكىسى △خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىن ئىلھام نامىدا 10754065-نومۇرلۇق سالامەتلىك گۇۋاھنامىسى △ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىن ئابدۇۋېلى تۇرسۇن نامىدا سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى بىلەن تەمىنلىنىش كېنىشكىسى △خوتەن شەھەر ئىلچى يېزىسىنىڭ 00835-46-نومۇرلۇق ئاپتوموبىلنىڭ يول يۈرۈش كېنىشكىسى △كېرىيە ناھىيە لەڭگەر يېزىسىنىڭ 02258-29-نومۇرلۇق، 01293-29-نومۇرلۇق تراكتورىنىڭ يول يۈرۈش كېنىشكىسى.

(بۇ بەتنىڭ مەسئۇل تەھرىرى: مۇختەر توختى)

**يېزا خەلق پۇل ئامانىتىنىڭ مەملىكىتىمىز بويىچە 300 مىليارد يۈەندىن، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 5 مىليارد يۈەندىن، ۋىلايىتىمىز بويىچە 130 مىليون يۈەندىن ئاشقانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز**

جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاپپاراتى شەھەر ۋە يېزىلارغا تارقالغان. پۇل ئامانەت قويۇش-ئېلىش ئاسان. مەبلەغ جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچى زور، ئىناۋىتى يۇقىرى، ئۇسۇلى توغرا ھېسابلىنىدۇ. ماشىنا-سايمانلىرىنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى يۇقىرى، خىزمەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىدۇ.

خوتەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى سىز ئۈچۈن چىن دىلىدىن ئەڭ ياخشى مۇلازىمەت قىلىدۇ، سىزنىڭ يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا پۇل ئامانەت قويۇشىڭىزنى قارشى ئالىمىز.

جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ خوتەن مەركىزىي تارماق بانكىسى

www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com

# خوتەن گېزىتى

和田日报

1990-يىل
دېكابىر
20
(پەيشەنبە)
4912-سان

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN65—0053/Z، ۋەكالەت نومۇرى: 28—57


## ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال ئىگەللەپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىلغانلىقتىن، خوتەن شەھىرىدە يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش خىزمىتى ساغلام قانات يايماقتا

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز گوۋاۋۋېي خەۋەر قىلىدۇ: خوتەن شەھەرلىك يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش خىزمىتى ئۆمىكى كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنىڭ ئۇتۇقلۇق قانات يايدۇرۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئۇلار بىرىنچىدىن، تەشۋىقات، سەپەرۋەرلىك ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەپ بار-دى. ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەپ بېرىشنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈردى. خىزمەت ئۆمىكىدىكى خادىملار، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ئاممىغا يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە بولغان تونۇشىنى، ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئاممىنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ كوممۇنىستىك ئېتىقادىنى قەتئىيلەشتۈردى.

ئۈچىنچىدىن، پرىنسىپنى چىڭ ئىگەللەپ، كەڭ ۋە چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ھەرقايسى گۇرۇپپىلار كەنتلەرنىڭ ئاساسلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندىن سىرت، كەنت پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى، رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئەھۋالىنى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئەھۋالىنى، شۇنداقلا كەنت ئائىلە كوممىتېتى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ ئىگەللىدى.

تەكشۈرۈپ تەكشىنى ئېنىقلاشتا مۇنداق پرىنسىپ ۋە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش، ئاممىدىن ئېلىپ ئاممىغا قايتۇرۇش، ھەر...

گەن ھالدا تەكشۈرۈش ۋە باھا بېرىش، بىر تەرەپلىمە گەپنى ئاڭلاش ۋە ئىشىنىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يەكۈن چىقىرىشنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىغا ياللغان ئەھۋال يەتكۈزۈش، پىرسەت كۈتۈپ ئۆچ ئېلىشنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش؛ ئىككىنچى، خىزمەتكە مەسئۇلىيەتلىك بىلەن قارىغان بولسىمۇ، خىزمەت ئۇسۇلى مۇۋاپىق بولمىسا سەۋەبىدىن ئاممىنىڭ پىكرى بارلار بىلەن خىزمەتكە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان، رەھبەرلىك ئىقتىدارى كەمچىل بولغانلىقتىن ئاممىنىڭ پىكرى بارلارنىڭ چەك-چېگرىسىنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ، ئالدىنقى بىر خىلدىكىلەرنى قوغداپ قېلىشقا دىققەت قىلىش.



## خوتەن ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كۆچەتخانا ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ئىلغار كۆچەتخانا بولۇپ باھالاندى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ۋاڭ خۇگۇ خەۋەر قىلىدۇ: بۇ يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنى ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى گۇاڭشىنىڭ نەننىڭ شەھىرىدە ئاچقان مەملىكەتلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانلىرى، كۆچەتخانا خىزمىتى يىغىنىدا خوتەن ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كۆچەتخانا شەرەپ بىلەن مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەت بويىچە ئىلغار بولغان بەش مەيدان، پونكىت، كۆچەتخانىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ كۆچەتخانا ئىلمىي باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئۇلارنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق: 1. مۇۋاپىق پىلانلاپ، ئىلمىي باشقۇرۇش. ئۇلار 1500 پارچىدىن كۆپرەك ئېكىز-پەس ئېتىزنى باشقۇرۇشقا قولايلىق بولغان 133 مو كۆلەمدىكى ئۆلچەملىك 15 پارچە سالا ئېتىزغا ئۆزگەرتىپ، بۇنىڭ 20 موسىدا تېرەك قەلەمچىسى، 25 موسىدا ئەلا سورتلۇق چىلان كۆچىتى يېتىشتۈردى، 25 موسىنى چىلان كۆچىتى ئۈلگە كۆرسىتىش ئېتىزى قىلدى، 18 موسىدا ئەلا سورتلۇق ياڭاق كۆچىتى يېتىشتۈردى، 15 موسىنى تەجرىبە ئېتىزى، 25 موسىنى چارۋىلارنىڭ يەم-خەشەك يېرى قىلدى. يەنە 150 مو يەرنى كۆچەت يېتىشتۈرۈش رايونى قىلدى. 2. ئىلمىي تەجرىبىنى ياخشى ئىشلەپ بېرىپ، كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتىنى ئۆستۈردى. ئۇلار قەلەمچىنى قىشتا ساقلاپ ئەتىيازدا تىكىش، ئېرىقنى سۇغا چىلاپ بىخلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى ئارقىلىق، كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتىنى ئىلگىرىكى 30 پىرسەنتتىن 70 پىرسەنتكە يەتكۈزدى. 3. شىنجاڭ تېرىكىنى يېتىشتۈرۈش يېڭى تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ كېڭەيتىش ئۈچۈن، ھەر يىلى يېزا-بازار، كەنت ئۈچۈن ئۈچ قاتار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، ياش دېھقانلارنى ئورمانچىلىق تېخنىكىسى خادىملىرىدىن 100 ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەك تەربىيىلەپ بېرىپ، يېزا، كەنت، شەخسلەردە كۆچەتخانا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تۈرتكىلىك ئاشۇرۇشنى تۈرتكە بولۇپ ئىشقا ئاشۇرۇشىنى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى. 4. چوڭ قازاننىڭ ئامىقىنى يېيىشكە تەلەتۆكۈس خاتىمە بېرىپ، ھوددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، ئىشلەپچىقىرىشتىكى ھاياتى كۈچىنى ئاشۇردى. 1979-يىلدىن 1989-يىلغىچە بۇ كۆچەتخانىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 952 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن يىللىق كىرىمى 2050 يۈەندىن توغرا كەلدى. پۈتۈن ناھىيىنى 5 مىليون 168 مىڭ 680 تۈپ ھەر خىل ئەلا سۈپەتلىك كۆچەت ۋە داڭلىق مەنزىرە كۆچىتى بىلەن تەمىنلەپ، ناھىيە بويىچە كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە 49.7 تۈپتىن دەرەخ توغرا كەلتۈرۈپ، خوتەن ناھىيىسىنىڭ ۋىلايەت بويىچە ئورمان تورلاشتۇرۇشنى تۇنجى بولۇپ ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى.

## ۋىلايىتىمىزنىڭ مايلىقدان، گۈرۈچ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز تىمك چەن خەۋەر قىلىدۇ: ۋىلايىتىمىزنىڭ مايلىقدانىنى توختام تۈزۈپ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى بىلەن گۈرۈچنى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. مۇشۇ ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە 1155 توننا مايلىقدان سېتىۋېلىنىپ، ۋەزىپە 115.5% ئورۇندالدى، مۇشۇ ئاينىڭ 10-كۈنىگىچە 1506 توننا گۈرۈچ سېتىۋېلىنىپ، ۋەزىپە 100.4% ئورۇندالدى.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ... لىيلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق مەبلەغ توپلاپ، سېتىۋېلىشتا نەق پۇل بېرىشكە كاپالەتلىك قىلدى. ئاشلىق تارماقلىرى سېتىۋېلىش مەزگىلىدە خىزمەت ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، دېھقانلارنىڭ مايلىقدان، گۈرۈچ سېتىپ بېرىشىگە قولايلىق ياراتتى. ۋىلايىتىمىزدىكى ئاساسلىق گۈرۈچ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان كېرىيە، قاراقاش، خوتەن ناھىيىلىرىدىكى ئاشلىق تارماقلىرى گۈرۈچ سېتىۋېلىشتا قاتلاممۇ-قاتلام ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. كېرىيە ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئورگاندىكى كادىرلاردىن ئون كىشىنى ئىدارە...

## ۋىلايەتلىك 1-ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئاپتوبۇس كالونى ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت ئارقىلىق رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى بىر ھەسسە ئۆستۈردى

مەملىكەت بويىچە قاتناش سىستېمىسىدىكى ئىلغار كارخانا — ۋىلايەتلىك 1-ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئاپتوبۇس كالونى «مۇلازىمەت بىرىنچى، يولۇچىلار ھەممىدىن ئەلا» دەيدىغان ئىدىيىنى تۇرغۇزۇپ، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت ئارقىلىق كالوننىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشۇردى. كالوننىڭ ئۇ ئون ئايدا دۆلەتكە تاپشۇرغان پايدىسى پۈتۈن شىركەتنىڭ يىللىق پايدىسىنىڭ 80 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.


بۇ ئاپتوبۇس كالونىدا 44 ئاپتوبۇس، 85 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى بار ئىدى. كالون رەھبەرلىكى ۋەزىپىنى يىلنىڭ بېشىدىلا ھەر بىر ئاپتوبۇس، شەخسلەرگىچە بېكىتىپ، مۇكاپاتلاش-جازالاشنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكتىن، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ھەسسىلەپ ئۆرلىگەن. شۇڭا، بۇ كالون 11 ئايدا ئومۇمىي كىرىمىنى 2 مىليون 630 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە، ساپ پايدىنى 606 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 117.44% ئاشۇردى. ھەر بىر ئاپتوبۇسنىڭ دۆلەتكە يەتكۈزگەن پايدىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11 مىڭ 900 يۈەندىن توغرا كەلدى، 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پايدا يەتكۈزگەن ئاپتوبۇس 26 گە يەتتى. كالون رەھبەرلىكى بۇ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتتى:

1. شوپۇر ۋە مۇلازىملارغا ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىش، يولۇچىلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىش تەربىيىسىنى كۈچەيتتى. ھازىرغىچە ئۇلار يولۇچىلار ئۇنتۇپ قالغان 5000 يۈەن قىممەتتىكى نەرسىلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. كالون رەھبەرلىكى جايلار ۋە شەخسلەردىن نۇرغۇن تەشەككۈر خېتى ۋە لەۋھە تاپشۇرۇۋالدى.

2. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، بىخەتەرلىك خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتتى. ئۈچ دەرىجە بويىچە (شىركەت، كالون، بەلگىلەش) تەكشۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈشتىن ئۆتمىگەن ئاپتوبۇسنى يولغا چىقارمىدى. شۇڭا ۋەقە يۈز بېرىش نىسبىتى زور دەرىجىدە ئازايدى.

3. ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ئورۇنداش ئەھۋالىنى ئايمۇ ئاي خۇلاسىلەپ، مۇكاپات جازالارنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، ئىلغارلار ئارقىلىق ئارقىدا قالغانلارنى يېتەكلىدى.

ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن



## لايىقا يېزىسىدا توڭلىتىلغان سورتلۇق ئوتلار بىلەن ئۇلاش تېخنىكىسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى

خوتەن ناھىيىسىنىڭ لايىقا يېزىسى 1988-يىلىدىن باشلاپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى توڭلىتىلغان سورتلۇق ئوتلار بىلەن ئۇلاش تېخنىكىسىنى تەدرىجىي ئومۇملاشتۇرۇپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ سورتىنى ياخشىلاشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يېزىدا مېۋىلىك دەرەخ كۆپ، لېكىن، سورتى ناچار، مېۋىلىرىنىڭ بازىرى كاسات بولۇشتەك ئەھۋاللارغا ئاساسەن، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ سورتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن باغۋەنچىلىك تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئەمەلىي كۆرسىتىشى، يېزا-كەنتلەرنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشى ئارقىسىدا، يېزا بويىچە 13 مۇزخانا ياسالدى ھەمدە مۇز ئۈستىگە ئەلا سورتلۇق ياڭاق، ئۆرۈك، ئالما، نەشپۈت، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئوتلىرى قويۇلۇپ مۇزلىتىپ ساقلاندى. بۇ خىل ئۇسۇلدا توڭلىتىپ ساقلىغان ئوتلارنىڭ ياشىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى، ئۇلاش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، تاكى 4-ئايدىن باشلاپ 7-ئايغىچە ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئۇلاشقا بولىدۇ. بۇ خىل تېخنىكا دېھقانلار ئاممىسىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. كۆپلىگەن دېھقانلار ئۆزلىرى مەبلەغ چىقىرىپ مۇزخانا كولاپ، ئەلا سورتلۇق مېۋىلەرنىڭ ئوتلىرىنى مۇزلىتىپ ساقلىدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، توڭلىتىش تېخنىكىسى قوللىنىلغان ئۈچ يىلدىن بۇيان پۈتۈن يېزىدا 650 مىڭ تالدىن ئارتۇق سورتلۇق مېۋە ئوتىسى مۇزلىتىپ ساقلانغان، 2000 تۈپتىن ئارتۇق ياڭاق، 185 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخ توڭلىتىلغان ئوتلار بىلەن ئۇلىنىپ سورتى ياخشىلانغان. بىر بۆلۈك ئۇلانغان مېۋىلىك دەرەخلەر بۇ يىلدىن باشلاپ مېۋىگە كىرگەن.

ئابدۇللا زوردۇن

قاراتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانى

## باغۋەنچىلىك پەن-تېخنىكا كۇرسى ئاچتى

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى گوما قاراتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى بوشاشتۇرمىغان ئاساستا باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، 5000 موغا كىشمىش ئۈزۈم تىكىپ، 6300 موغا ئالما، نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈپ باغ بەرپا قىلدى. بۇ باغلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇش، پەرۋىش قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەيدان پارتكومى تارىم يېزا ئىگىلىك ئالىي تېخنىكومىدىن ئۈچ نەپەر ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ، 11-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 12-ئاينىڭ 4-كۈنىگىچە باغۋەنچىلىك كۇرسى ئاچتى. كۇرستا ھەرقايسى دادۈيلەرنىڭ باغۋەنچىلىككە مەسئۇل كادىرلىرى، مەلۇم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ياشلاردىن بولۇپ جەمئىي 96 نەپەر كىشى قاتناشتى. كۇرستا تال پۇتاش، ئالما، نەشپۈت، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلىك كۆچەتلەرنى چاتاش، رەتلەش، قوشۇمچە ئوغۇت بېرىش قاتارلىق مەزمۇنلاردا دەرس ئۆتۈلدى ھەمدە نەق مەيداندا پراكتىكا قىلدۇرۇلۇپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت زىچ بىرلەشتۈرۈلدى.

توختىباقى مۇھەممەت



## سىيەك يېزىسىدا شال مەھسۇلاتى 8.36% ئاشتى

كېرىيە ناھىيىسىدىكى سىيەك يېزىسى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ يىللىق شالىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى ئۆتكەن يىلقىغا قارىغاندا 8.36% ئاشۇردى.

يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تېرىقچىلىق شارائىتى … لىشقا يېتەكلىدى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، يېزا بويىچە 121 كەسپىي شالچىلىق ئائىلىسى پەن-تېخنىكا جەھەتتىن بىر نۆۋەت تەربىيىلەندى. 100 كىلومېتىر زەيدان چېپىلىپ تۇپراق شارائىتى ياخشىلاندى. ئەلا سورتلۇق «1—78»، «جۇڭگۇەن— … لىندى، ئوت-چۆپلەر خېمىيىۋى دورىلار بىلەن ئۈنۈملۈك يوقىتىلدى. نەتىجىدە، بۇ يىل تېرىلغان 4200 مو شالىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 269 كىلوگرامغا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 129 مىڭ 800 كىلوگرامغا يېتىپ، ئۆتكەن يىلقىغا قارىغاندا ئايرىم-ئايرىم …

△ دۇۋا كۆمۈر كېنى بىخەتەرلىكنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىپ، ئىشچىلارنى ھەرھەپتىدە ئىككى كۈن بىخەتەرلىك پائالىيەت كۈنىگە ئۇيۇشتۇرۇش، ھەركۈنى ئىشقا ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى قۇدۇق ئاستىغا چۈشىدىغان ئىشچىلارنى يېرىم سائەت قۇدۇق ئاستىدىكى مەشغۇلات قائىدە- …


لىپ، ئىشچىلارنى ھەرھەپتىدە ئىككى كۈن بىخەتەرلىك پائالىيەت كۈنىگە ئۇيۇشتۇرۇش، ھەركۈنى ئىسمىنا ئالمىشىشتىن ئىلگىرى قۇدۇق ئاستىغا چۈشىدىغان ئىشچىلارنى يېرىم سائەت قۇدۇق ئاستىدىكى مەشغۇلات قائىدە - نىزاملىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.

(راخمان ئوبۇل فوتوسى)

كېرىيە ناھىيىسىدىكى سىيەك يېزىسى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ يىللىق شالنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى ئۆتكەن يىلدىكىگە قارىغاندا 8.36% ئاشۇردى.

يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تېرىقچىلىق شارائىتىنىڭ بىر قەدەر ناچارلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، شالچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ ھەمدە دېھقانلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا يېتەكلىدى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، يېزا بويىچە 121 كەسپىي شالچىلىق ئائىلىسى پەن-تېخنىكا جەھەتتىن بىر نۆۋەت تەربىيىلەندى. 100 كىلومېتىر زەيدان چېپىلىپ تۇپراق شارائىتى ياخشىلاندى. ئەلا سورتلۇق «1—78»، «جۇڭگۇەن-22» نومۇرلۇق شال سورتى ئومۇملاشتۇرۇلدى. يەرگە سېلىنىدىغان مەھەللىۋى ئوغۇت، خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە كۆنجۈرىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى، ئوت-چۆپلەر خىمىيىۋى دورىلار بىلەن ئۈنۈملۈك يوقىتىلدى. نەتىجىدە، بۇ يىل تېرىلغان 4200 مو شالنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 269 كىلوگرامغا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 129 مىڭ 800 كىلوگرامغا يېتىپ، ئۆتكەن يىلدىكىگە قارىغاندا ئايرىم-ئايرىم ھالدا 13% ۋە 8.36% ئاشتى.

سولايمان ئىبراھىم



دۆۋا سېمونت زاۋۇتى ھەر قايسى سېخ، بۆلۈم، شەخسلەرگىچە ئىشلەپچىقىرىش پىلان كۆرسەتكۈچى، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، مەھسۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش بويىچە ھۆددىگەرلىك توختامى تۈزۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرمەكتە.

سۈرەتتە: قاچىلاش سېخى بىلەن سېمونت ساقلاش ئىسكىلاتىدىن بىر كۆرۈنۈش. (راخمان ئوبۇل فوتوسى)

## كېلەر يىلمۇ مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن ...


چىرا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يىل كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ناھىيە بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، ئاساسىي قاتلاملاردىن قىش پەسىللىك ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە، كېلەر يىللىق تېرىلغۇنىڭ تۈرلۈك زۆرۈر تەييارلىق ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلغانىدى. كەڭ دېھقان - چارۋىچىلار ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، بىر تەرەپتىن ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەر سالالاشتۇرۇش، توك يا تۇزۇش، كۆزلۈك ئورمان سېلىش ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە 12-ئاينىڭ 10-كۈنىگە قەدەر 145 مىڭ 400 مو يەر ئاغدۇرۇلۇپ، بۇنىڭدىن 24 مىڭ مو يەرنىڭ ھەر موسىغا 50 تاغاردىن ئېغىل ئوغۇتى تۆكۈلۈپ، قىر- ئورەكلىرى سۇ پەتلىك يۇرۇشلەشتۇرۇلۇپ، كېۋەز تېرىشقا تەييارلاندى. 74 مىڭ 400 مو كۈزگى بۇغداي ئېتىزى، 5700 مو ئاق يەر ۋە 38 مىڭ 300 مو باغ-ئورمانلىق ۋە بېدىلىك يەرگە توك يا تۇزۇلدى، 3 مىليون 681 مىڭ 800 تاغار ئوغۇت توپلاندى، 382 مىڭ 800 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، خاس ئۈجمە كۆچىتىدىن 107 مىڭ 500 تۈپ تىكىلدى.

چاپپار ئوسمان

### ھاڭگىيا، كاۋاك يېزىلىرى بوز يەر ئېچىشقا ئەھمىيەت بەردى

ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز **بۇۋىئايشە كېرەم، مۇھەممەت تۇردىلار** خەۋەر قىلىدۇ: لوپ ناھىيىسىنىڭ ھاڭگىيا يېزىسى ئېچىش خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بەردى. بۇ يىل 10-ئايدىن 11-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە يېتەرلىك ئەمگەك كۈچى، تراكتور، ئېشەك-ھارۋىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، 76 ئورۇندا 940 كۇب مېتىر توپا قېزىپ، 3412 مو بىنام ئاچتى. بۇ يەرلەرنىڭ بىر قىسمىغا بېدە تېرىدى، يەنە بىر قىسمىنى كېلەر يىلى شال، ھايلىقدان تېرىشقا ۋە كۆچەت تىكىشكە تەقلەپ قويدى.

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ كاۋاك يېزىسى كۈزلۈك يىغىم-تېرىمىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، تاشلاندۇق يەردىن 2600 مو بىنام ئېچىپ، كېلەر يىلى كېۋەز تېرىشقا تەييارلاپ قويدى.



شىخۇ ناھىيىلىك پەۋە زاۋۇتى تېخنىكا تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇسكۈنىلەرنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

(شىنجاڭ فوتو سۈرەت نەشرىياتى)

## ئورىيا (ئاق ئوغۇت) نى ئىشلىتىش ئۇسۇلى

ئورىيا (ئاق ئوغۇت) نى ئىشلەتكەندە تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

1. ئوغۇتنىڭ ئىشلىتىش مىقدارىنى ياخشى ئىگىلەش لازىم. ئورىيا ئوغۇتى يۇقىرى قويۇقلۇقتىكى ئازوتلۇق ئوغۇت بولغاچقا، ھەددىدىن زىيادە كۆپ ياكى ئاز ئىشلەتمەسلىك. مەسىلەن: بىر مو يەرگە بەش كىلوگرام ئازوت ماددىسى ئىشلىتىش پىلانلانغان بولسا، ئورىيا ئوغۇتىدىن 11 كىلوگرام ئىشلىتىش كېرەك.

2. ئورىيا ئوغۇتىنىڭ يەر ئۈستىدىن ياكى سۇلۇق ئېتىزلاردىكى سۇنىڭ چېقىرىلىشى سەۋەبىدىن ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئورىيا ئوغۇتىمۇ باشقا خىلدىكى ئېرىشچان خىمىيىۋى ئوغۇتلارغا ئوخشاش سۇدا ئاسان ئېرىيدۇ. ئەگەر ئېتىز يۈزىگە چېچىلىپ توپا بىلەن كۆمۈۋېتىلمىسە ياكى شال ئېتىزلىرىدىكى سۇلار چېقىرىلىشتىن بۇرۇن ئىشلىتىلسە، ئوغۇت سۇغىرىش، يامغۇر سۈيى ۋە شال ئېتىزلىرىدىكى سۇنىڭ چېقىرىلىشى بىلەن ئېقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئورىيانى بىنام يەرلەرگە ئىشلەتكەندە چوڭقۇر ئىشلىتىش، شال ئېتىزلىرىدا بولسا ئوغۇت ئىشلىتىلىپ، بىرەر ھەپتىگىچە سۇنى چىقارماسلىق كېرەك.

3. ئورىيا ئوغۇتىنىڭ ئاممىياكلىشىپ، خوراپ زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئورىيا ئوغۇتى تۇپراققا ئىشلىتىلگەندىن كېيىن تېز ئاممىياكلىشىپ، ئامونىي كاربوناتقا ئايلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئورىيا ئوغۇتىنى ئورەك ئېچىپ قويۇپ، توپا بىلەن كۆمۈپ، نەملىك بىلەن دەرھال ئۇچراشتۇرۇش كېرەك. تەجرىبە قىلىنىشىچە، ئورىيا ئوغۇتى ئون سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئورەك ئېچىپ قويۇلسا، ئازوت ماددىسى زىيانغا ئۇچرىمايدىكەن.

4. ئورىيا ئوغۇتىنى ئۇرۇق ئوغۇتى قىلىپ ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئورىيا ئوغۇتى ئۇرۇق ئوغۇتى قىلىپ ئىشلىتىلسە ئۇرۇقنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، مەھسۇلاتقا تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭلاشقا، يوپۇرماق يۈزىگە پۈركۈپ ئىشلىتىشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. ئىشلىتىش قويۇقلۇق دەرىجىسى 0.1%—0.5% بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

(«يېزا پەن-تېخنىكىسى» ژۇرنىلىدىن)

(بۇ بەتنىڭ مەسئۇل تەھرىرى: ئابدۇقادىر ئابدۇخالىق)

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

# ئەقىل-پاراسىتىمىزنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تەقدىم قىلايلى




## ۋىلايىتىمىز بويىچە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان، كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىساسلىق خادىملار :

ۋىلايىتىمىزدە تۇنجى قېتىم باھالاپ چىقىلغان، گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان كەسپىي تېخنىكا بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىساسلىق خادىم 18 نەپەر بولۇپ، گېزىتىمىزنىڭ 9-ئاينىڭ 22-كۈنىدىكى سانىدا ئون نەپەر يولداش سۈرىتى بىلەن قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان. ئۇلار: ۋاڭ ۋېي، جاۋ جۇڭچيەن، زوكە يىخۋا، زوجۈن، جۇ مېيۋۇ، سۇدىيە ماخمۇت، خوجېنگۈيۈەن، سۇلايمان روزى، خېڭ شياۋجاڭ، تۇنىياز ئۇسۇپلەردىن ئىبارەت. بۈگۈن يەنە سەككىز نەپەر يولداشنى سۈرىتى بىلەن تونۇشتۇردۇق.

→ **جۇ چېنيالڭ** : باش ئىنژېنېر، خوتەن ۋىلايەتلىك يىپەك-توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ باشلىقى.

**مۇكاپاتلانغان ئەھۋالى ۋە ئىلمىي ماقالىسى:** «K251 ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان مەتوت يىپ ئىگىرىش ماشىنىسى» 1988-يىلى ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.



↑ **شۈيېنبياۋ** : ئالىي ئىنژېنېر، ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېت پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىقتىسادىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.


**مۇكاپاتلانغان ئەھۋالى ۋە ئىلمىي ماقالىسى:** شىئەن قاتناش داشۆسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى، خوتەن سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئۈستىگە ئالغان «ئۆزگىرىشچان توك دولقۇنلۇق ئىستاتور ئورام گۇرۇپپىسىنىڭ قاتلىمىسىم ئايلانما ئېقىمىنىڭ سەرپىياتى» تەتقىقات تۈردە ئالدىنقى ئۈچىنچىلىككە ئېرىشكەن. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن.

ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان بۇ توغرىسىدىكى ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالىسى «جۇڭگو چوڭ ئېلېكتر ماشىنىلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان.




→ **چى گۈي** : باش چارۋىچىلىق تېخنىكى، ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

**مۇكاپاتلانغان ئەھۋالى ۋە ئىلمىي ماقالىسى:** «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئوتلاق، يەم-خەشەك بايلىق مەنبەئىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا باھا بېرىش تەتقىقاتى» (چى گۈي، جاڭ شياۋچۈن، سۈي خېڭشېن، ۋاڭ بو قاتارلىقلار بىرلىشىپ يازغان) 1986-يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش بويىچە 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 1988-يىلى ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «خوتەن چارۋىچىلىقىنى رايونلارغا ئايرىش» «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش»تا ئېلان قىلىنغان.



→ **دى شىنجۈ** : باش ئىنژېنېر، ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسىنىڭ كادىرى.


**مۇكاپاتلانغان ئەھۋالى ۋە ئىلمىي ماقالىسى:** «ئۈچ شىمالىي رايون ئىھاتە ئورمانلىقى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە پىلان لايىھىسى» (نيۇ زىلۇڭ، دى شىنجۈ، لۇ گوخۇ قاتارلىقلار بىرلىشىپ يازغان) 1988-يىلى ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «ئورمانلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش» (دى شىنجۈ، لۇ گوخۇ) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پەن-تېخنىكا نەتىجىسى بويىچە 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.



↓ **ۋۇ شىبو** : باش ۋراچ، ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى، پارتكوم



→ **كۇڭ شيالڭ** : باش چارۋىچىلىق تېخنىكى، ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.





دىشىنجۇ، لۇگوخۇ قاتارلىقلار بىرلىشىپ يازغان) 1988-يىلى ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.«ئورمانلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش» (دىشىنجۇ، لۇگوخۇ) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى بويىچە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

بو قاتارلىقلار بىرلىشىپ ياز- غان) 1986-يىلى ئاپتونوم را- يون تەرىپىدىن يېزا ئىگىلىكى- نى رايونلارغا ئايرىش بويىچە 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 1988-يىلى ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن . «خوتەن چارۋىچىلىقىنى را- يونلارغا ئايرىش» «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش» تا ئېلان قىلىنغان.






← كۆك شيا ئېياڭ: باش چارۋىچىلىق تېخنىكى، ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق تېخ- نىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

**مۇكاپاتلانغان ئەھۋالى ۋە ئىلمىي ماقالىسى:** «خوتەن قويىنى شالغۇتلاش- تۇرۇش سىنىقى تەتقىقاتى» (نيەن تيەن- جۈن بىرلىكتە رىياسەتچىلىك قىلغان) ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 1986-يىلى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3-دە- رىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

«خوتەن قوش لوكىلىق تۆگىسى» (نيەن تيەنجۈن ھەمكارلاشقان) 1984-يىلى «شىنجاڭ چارۋا مال دوختۇرلۇق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي ماقالىلەردىن ئۈزۈندىلەر» دە ئېلان قىلىنغان.

↓ ۋۇشىنبو: باش ۋراچ، ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى، پارتكوم شۇجىسى.

**مۇكاپاتلانغان ئەھۋالى ۋە ئىلمىي ما- قالىسى:** «يىرىق قاپلىق قۇرتنى خاتا ھالدا يىرىق ياتقۇ چۇقۇقى دەپ دىئاگنوز قويۇش» (جۇڭخۇا تاشقى كېسەللىكلىرى— 1959- يىل). «32خىل قاپلىق قۇرت ئىششىقى توغرىسىدا كې- لىنىكىلىق تەھلىل» («شىنجاڭ تىببىي ئىلمى» 1988- يىل 9-سان).



↑ ليۇجېنگو: ئاگرونوم، ۋىلايەتلىك دۆلەت زېمىنىنى رەتلەش، يېزا ئىگىلى- كىنى رايونلارغا ئايرىش باشقارمىسىنىڭ كادىرى.

**مۇكاپاتلانغان ئەھۋالى ۋە ئىلمىي ماقالىسى:** «خوتەن ناھىيىسىنى ئۇزۇن- سال يېزا ئىگىلىك رايونىغا ئايرىش» ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى را- يونلارغا ئايرىش كومىتېتى تەرىپىدىن 1985-يىلى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى نە- تىجىسى بويىچە 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.



← جۇ يۈنباۋ: ۋىلايەتلىك شەھەر- يېزا قۇرۇ- لۇشى، مۇھىت ئاسراش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى.

**مۇكاپاتلانغان ئەھۋالى ۋە ئىلمىي ماقالىسى:** 1986-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ياغاچ-تاش قۇرۇ- لۇشى ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان «دېھقانچى- لىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا ئۆي لايىھىسى مۇسابىقىسى»دە ئىككى لايىھىسى 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن .

«خوتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇراق ئۆي قۇرۇ- لۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكى» «شىنجاڭ قۇرۇلۇش لايى- ھەلەش ئىشلىرىنىڭ 30 يىللىقى» دا ئېلان قىلىنغان.

بۇ بەتنىڭ مەسئۇل تەھرىرى: مۇختەر توختى

(بېشى 1-بەتتە)

سەرپىياتنى تىرىشىپ تۆۋەنلىتىش، تەننەرقىنى تۆ- ۋەنلىتىش، زىياننى تۈگىتىپ، پايدىنى كۆپەيتىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش لازىم. تۈرلەرنى ئىمكان قەدەر بالدۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كېلەر يىللىقكا رخانىلارنىڭ تېخنىكا ئىسلاھاتىنى ياخ- شى ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. كەسىپ ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تازا كۈچ سەرپ قىلىپ داۋاملىق ياخشى تۇتۇش كېرەك. يېڭى يىل، باھار بايرىمىدىكى ئالدى- كەينىدىكى ترانسپورت خىز- مىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

4. بازارلارنى تىرىشىپ جانلاندۇرۇش، ئوبوروتنى جانلاندۇرۇش كېرەك. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنغان پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، سانائەت ماللىرىنى زور كۈچ بىلەن يېزىلارغا چۈشۈرۈپ، يېزا، جۇملىدىن چەت- ياقا رايونلار بازىرىنى تولۇق ئېچىش لازىم. سودا ۋە تەمىنات-سودا تارماقلىرى زىچ ماسلىشىپ، كۆپ خىل تىجارەت ئۇسۇلىنى قول- لىنىپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق دېھقان، چار- ۋىچىلارغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىشى لازىم. تاش- قى سودا تارماقلىرى كۆپلەپ ئېكسپورت قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم، پۇل مۇئامىلە تارماقلىرى پائالمەبلەغ تەييارلاپ، ئوبوروت يوللىرىنى را- ۋانلاشتۇرۇشقا ياخشى مۇھىت يارىتىشى لازىم.

5. 1991-يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجت- تىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش نۇقتا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەممەركەز- نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 8-بەش يىللىق پىلان ۋە ئون يىللىق پىلان تەسەۋۋۇرىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى تۈزۈپ چىقىش كېرەك.

6. كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك تۈرلەر قۇرۇ- لۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، بالدۇر ئىشلەپچىقىرىش- قا كىرىشتۈرۈش، بالدۇر ئۈنۈمىنى كۆرۈش، بال- دۇر ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

7. ئىسلاھاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. كارخانا باشقۇرۇشنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش—مۇھىم نۇقتا، ئىككىنچى قارارلىق ھۆددىگە بېرىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك.

8. خەلق تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېڭى يىل، باھار بايرىمىدىكى بازار تەمىنا- تىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

9. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تۈزەپ ۋە بىخەتەرلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدا ياخشى ئىجتىما- ئىي مۇھىتنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

10. مائارىپ، پەن-تېخنىكا، تەنتەربىيە، مەدەنىيەت، سەھىيە ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

# خوتەن گېزىتى

和田报

1991-يىل
ئاپرېل
2
سەيشەنبە
4953-سان

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65—0053 / Z ، ۋەكالەت نومۇرى: 28—57


ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاچقان نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك
كادىرلار يىغىنى مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى:

## ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، «ئۈچ كىتاب»تا تارقىتىلغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئۈزۈل - كېسىل تەنقىد قىلايلى

«شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى. 3-ئاينىڭ 22-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «خەلق» سارىيىدا ئاپتونوم رايون بويىچە نازارەت، ئىدارە، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيىلىك مەسئۇل كادىرلار يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى، يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋەكالىتەن، «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابتا تارقىتىلغان بۆلگۈنچىلىك نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل تەنقىد قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەنىمۇ مۇقىم بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بېرىپ، يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارغا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى تۇرغۇن ئالماس يازغان «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېگەن ئۈچ كىتابنىڭ ئېغىر خاتالىقىنى ھەم بۇ كىتابلار پەي-دا قىلغان يامان تەسىرنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتىنى تونۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يىغىندىكىلەرگە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان تونۇشى، پوزىتسىيىسى ۋە ئۇسۇللىرىنى دوكلات قىلدى.

تۆمۈر داۋامەت مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى بۇ كادىرلار يىغىنىنى ئېچىشتىن مەقسەت — كۆپچىلىكنىڭ بۇ چوڭ ھەق-ناھەق مەسىلىسىدە ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئۈچ كىتابتا تەرغىب قىلىنغان ۋە تارقىتىلغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل تەنقىد قىلىپ، ئۇنىڭ زەھىرى ۋە تەسىرىنى تازىلاش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە مۇقىم بولغان، ئىقتىسادىي راۋاجلانغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئىدىيىۋى-سىياسىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىپ،

(ئاخىرى 4-بەتتە)

ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرى ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 4-قۇرۇلتىيىنىڭ
روھىنى ئۆگىنىشتە بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى:

## ئىتتىپاقلىشىپ، غەيرەتنى ئۇرغۇتۇپ، خوتەننىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىمىز

ئۆز مۇخبىرىمىز ساۋۇت خۇيجۇەن خەۋەر قىلىدۇ: 3-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋۇدۇڭفۇ ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 4-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش سۇڭ خەنلياڭنىڭ قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتى ۋە باشقا مۇھىم سۆزلىرى مەركەزلىك ھالدا ئۆگىنىلدى ۋە ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىندى.

ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرى بىردەك مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 4-قۇرۇلتىيى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى، ئۇ ئىتتىپاقلىق قۇرۇلتىيى، غەيرەتكە كەلتۈرۈش قۇرۇلتىيى، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش قۇرۇلتىيى بولدى؛ يولداش سۇڭ خەنلياڭنىڭ دوكلاتىغا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن، ئىلگىرى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ھەقىقەتەن تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، ئۇنىڭدا بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈرەش نىشانى، يۆنىلىشى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان، تەدبىرلەر كونكرېت بولۇپ، كىشىلەرگە قەلبىگە ئىلھام بېرىدۇ. پۈتكۈل دوكلاتتا پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر ۋە پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7-ئومۇمىي يىغىن روھى ئىزچىللاشتۇرۇلغان، «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دا چىڭ تۇرۇلغان، ئۇ بىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى مۇھىم ھۆججەت. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرى مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نۆۋەتتە پۈتۈن ۋىلايىتىمىزدىكى كادىرلار، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىغا ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 4-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ، ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، ئەتىياز پەسلىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى يۇقىرى سۈپەت بىلەن ياخشى ئېلىپ بېرىش، ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 4-قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇنلاپ، خوتەننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىشىمىز لازىم. ئۇلار ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 4-قۇرۇلتىيىدا سايلانغان يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسىنى بىردەك ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرى رەئىس تۆمۈر داۋامەتنىڭ نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا بەرگەن «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنى تەنقىد قىلىش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئۆگىنىشتە بىردەك مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېگەن ئۈچ كىتابتا شىنجاڭنىڭ

(ئاخىرى 4-بەتتە)

~~~~~~~~~~~~◁✳▷~~~~~~~~~~~~

لى پېڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:

## بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى داۋاملىق يۈكسەلدۈرۈش لازىم

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 25-مارت خەۋىرى. گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دۆلىتىمىزنىڭ 80-يىللاردىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ جەلپ قىلغىنى

لى پېڭ 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4-يىغىنىدا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا، دۆلىتىمىزنىڭ 80-يىللاردا يېزىلاردىن شەھەرلەرگىچە ئېلىپ بارغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھا-

خىل ئىگىلىكلەر تەركىبىي بىللە مەۋجۇت بولغان مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىغا ئۆزگەردى؛ پىر خىللا تەقسىمات پەيدىنپەي ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان باشقا تەقسىمات شەكىللىرى قوشۇمچە
~~~~~~~~~~~~

ۋىلايەتلىك پارتكوم يىغىن ئېچىپ

## ج پ ك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 4-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى

ئۆز مۇخبىرىمىز دولقۇن ھو شۇر خەۋەر قىلىدۇ: ۋىلايەتلىك پارتكوم ... قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسىي روھىنى يەتكۈزدى.

(ئاخىرى 4-بەتتە)

لى پېڭ زۇڭلى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:

# ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش — بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا بارلىق ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنىڭ مەركىزى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 25-مارت خەۋىرى. گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭ ...

(ئاخىرى 4-بەتتە)

ۋىلايىتىمىزدە ئېچىلغان ردۇزىيە خىزمىتى يىغىنى مۇنداق دەپ ھېسابلىدى:

## قانۇننىڭ ئىجراسىنى ردۇزىيە قىلىشنى كۈچەيتىشتىن قول سېلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىگىلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش لازىم

ئۆز مۇخبىرلىرىمىز راخمان ئوبۇل، ئەنۋەر ئابلىمىتلار خەۋەر قىلىدۇ: ۋىلايىتىمىزنىڭ ردۇزىيە ...

(بۇ بەتنىڭ مەسئۇل تەھرىرى: ئابدۇقادىر ئابدۇۋايىت)

ئېۋلات كۇتۇپخانىسى www.ewlat.org www.uyghurkitap.com


سۆگەتبوستان كەنتىدە

## سوتسىيالىزم تەربىيىسى ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ئۇرغۇتۇلدى

لوپ ناھىيىسىدىكى باشتوغراق يېزىسىنىڭ سۆگەتبوستان كەنتىدە كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا سوتسىيالىزم تەربىيىسى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇش ئارقىلىق، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ئۇرغۇتۇلدى.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى يېزىلىق پارتكومنىڭ بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرۇشى، كۈچ تەشكىللەپ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا سوتسىيالىزم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتتى. ھەر ھەپتىنىڭ سەيشەنبە، جۈمە كۈنلىرىنى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئۆگىنىش كۈنى قىلىپ بەلگىلەپ، كادىرلار ۋە ئاممىغا تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق مەزمۇنلاردا جانلىق تەربىيە ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ پارتىيە سىياسىتىگە بولغان ئىشەنچىسى يەنىمۇ ئېشىپ، ئاكتىپچانلىقى ئۇرغۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. كۈزگى بۇغداينىڭ ئەتىيازلىق پەرۋىشى ھەر قانداق يىللاردىكىدىن بالدۇر ۋە ياخشى ئىشلەنگەن ئاساستا، 3-ئاينىڭ 13-كۈنىگە قەدەر كەنت بويىچە 21 مىڭ 190 تاغار مەھەللىۋى ئوغۇت، 7100 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت، 1575 كىلوگرام سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلىپ، بۇ يىل كېۋەز تېرىلىدىغان 350 مو يەرگە ئومۇميۈزلۈك سۇلياۋ يوپۇق يېپىلدى. ئۇندىن باشقا، دېھقانلار ئۆز زىممىسىدىكى ئۇزۇندىن بېرى قايتۇرماي كەلگەن ئۈچ خىل فوندى ۋە باشقا قەرز پۇللاردىن 9400 يۈەن پۇلنى قايتۇردى. كوللېكتىپ كىرىمىنى كۆپەيتىش مەقسىتىدە كوللېكتىپ ھېسابىغا تېرىلىدىغان 40 مو كېۋەزگە كېتەرلىك 2400 كىلوگرام ئورگانىك ئوغۇتنى ھەقسىز ياردەم قىلدى ۋە ئاغدۇرۇش، تۈزلەش، سۇلياۋ يوپۇق يېپىش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشتى.

تۇرغۇن تاشتۇمۇر



خوتەن شەھەرلىك سۇلياۋ زاۋۇتى ماتېرىيال يېتىشمەسلىك ئەھۋال ئاستىدا، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، بۇ يىل كىرگەندىن بېرى 1278 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىپ، دېھقانلارنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

سۈرەتتىكىسى: سۇلياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىش سېخىدىن بىر كۆرۈنۈش.

(ئۆز مۇخبىرىمىز سىدىق قاۋۇز فوتوسى)

قارا يانتاق كەنتىدە كوللېكتىپنىڭ قەرز پۇلىنى

## قايتۇرۇۋېلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى

لوپ ناھىيىسىدىكى سامپۇل يېزىسىنىڭ قارايانتاق كەنتىدە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ كوللېكتىۋىزملىق كۆز قارىشىنى ئۆستۈرۈپ، كوللېكتىپنىڭ شەخسلەر زىممىسىدىكى قەرز پۇلىنى يىغىۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى.

ئىلگىرى بىر مەزگىل ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ بوشىشىپ قېلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ كەنتتە كوللېكتىپنىڭ بىر قىسىم قەرز پۇلى ۋە مال-مۈلكى ۋاقتىدا قايتۇرۇۋېلىنماي، شەخسلەرنىڭ زىممىسىدە قالغانىدى. سوتسىيالىزم تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلۇش ئارقىلىق بۇ كەنتتىكى كادىرلار ۋە دېھقانلارنىڭ پارتىيىگە بولغان ئىشەنچىسى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، كوللېكتىۋىزملىق كۆز قارىشى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، كادىرلار ۋە دېھقانلار كوللېكتىپنىڭ كونا-يېڭى قەرز پۇللىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قايتۇردى. نەتىجىدە، كوللېكتىپنىڭ شەخسلەر زىممىسىدىكى ئورمان پۇلى، يەر پۇلى، ھەر خىل قوشۇمچە كىرىم پۇلى قاتارلىقلاردىن جەمئىي 31 مىڭ 234 يۈەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، 223 ئائىلە قايتۇرۇشقا تېگىشلىك 26 مىڭ 421 يۈەن قەرزدىن دەسلەپكى قەدەمدە 20 مىڭ 235 يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى، 51 نامرات ئائىلىنىڭ 4813 يۈەن قەرزى كەچۈرۈم قىلىندى.

ئوبۇلھەسەن ئەيسا

باغچە بازارلىق ئامانەت-قەرز كوپېراتىپى

## قەرز پۇل تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا كۈچلۈك مەدەت بەردى

خوتەن ناھىيىسىدىكى باغچە بازارلىق ئامانەت-قەرز كوپېراتىپى قەرز پۇل تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ بۇ يىلمۇ يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىشىغا كۈچلۈك مەدەت بەردى.

بۇ كوپېراتىپ ئالدىنقى يىللاردىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش بىلەن بىرگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە بولغان سىياسىي-ئىدىيىۋى، كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقىنى ئۇرغۇتتى ھەمدە بۇ يىللىق پىلان-كۆرسەتكۈچلىرىنى بالدۇر تۈزۈپ، مەبلەغ توپلاشنى چىڭ تۇتتى. ئامانەت توپلاش بىلەن قەرز پۇل يىغىۋېلىش خىزمىتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، 2-ئاينىڭ 20-كۈنىگە قەدەر ئامانەت قالدۇقىنى 3 مىليون 418 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ئۆتكەن يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 953 مىڭ يۈەن ئاشۇردى. قايتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك قەرز پۇلدىن 50 مىڭ يۈەن يىغىۋالدى. مۇشۇ ئاساستا، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشقا كېتەرلىك خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق ۋە ئۇرۇقلۇق سېتىۋېلىشى ئۈچۈن 8600 ئائىلىگە 1 مىليون 234 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتقاندىن سىرت، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا 350 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. تارقىتىلغان بۇ قەرز پۇللار ئۆتكەن يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 1 مىليون 65 مىڭ يۈەن كۆپ.

قەرز پۇلىنىڭ بالدۇر، يېتەرلىك تارقىتىلىشى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋەزىيىتىنىڭ ۋاقتىدا، سۈپەتلىك ئورۇندىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، بازار بويىچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىن مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى.

ھەبىبۇللا قاسىم

## چىرا ناھىيىسى قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى پۇختا تۈزۈپ، بالدۇر ئەمەلىيلەشتۈردى

چىرا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئىلگىرىكى يىللاردىكى تەجرىبە ساۋاقلارغا ئاساسەن، بۇ يىللىق قۇرغاقچى-
...
ۋە كارىز سۈيىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئېچىشقا تېگىشلىك بۇلاق كۆزلىرى ھەم تەبىئىي سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىپ،
...
تىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 320 مىڭ مو يەرنى ئۆلچەملىك سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش.

پىلە-ئۈجمىچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش قەدىمىنى تېز-



مىڭ 235 يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى، 51 نامرات ئائىلىنىڭ 4813 يۈەن قەرزى كەچۈرۈم قىلىندى.

ئوبۇلھەسەن ئەيسا



پىلە-ئۈجمىچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىشتىكى تۈرتكىلىك رولىنى چۈشىنىپ يەتكەن خوتەن شەھىرىدىكى قاراشلىق گۇجاڭباغ يېزىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۈجمە كۆچىتى تىكىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.

سۈرەتتە: تامباغ كەنتىنىڭ 5-مەھەللىسىدىكى دېھقانلار ئېرىق بويلىرىغا ئۈجمە كۆچىتى تىكمەكتە.

(ئۆز مۇخبىرىمىز سىدىق قاۋۇز فوتوسى)

چاھارباغ يېزىسىدا

## مېۋىلىك باغ كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى

لوپ ناھىيىسىدىكى چاھارباغ يېزىسى مېۋىلىك باغ كۆلىمىنى كېڭەيتىش ۋە مېۋە سورتىنى ياخشىلاش ئارقىلىق باغۋەنچىلىكنى يۈكسەلدۈردى.

بۇ يېزا باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولسىمۇ، پايدىلىنىش يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇپ كەلگەنىدى. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، باغ كۆلىمىنى كېڭەيتىش، مېۋە سورتىنى ياخشىلاشقا كىرىشتى ھەمدە يېزا، كەنت كادىرلىرىنى تەشكىللەپ، باغۋەنچىلىك كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئىلغار تەجرىبىلەرنى پائال كېڭەيتىپ، ئۇلارغا باغۋەنچىلىكنىڭ دېھقانلارنى بېيىتىشتىكى رولىنى تونۇتتى. بەنام ئېچىپ مېۋىلىك باغ كۆلىمىنى كېڭەيتىش بىلەن مېۋە سورتىنى ياخشىلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. بۇنىڭ بىلەن يېقىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدە 8928 مو تاللىق، 450 مو ئالما-نەشپۈتلۈك، 2359 مو ياڭاقلىق، 103 مو چىلانزارلىق، 2300 مو ئۆرۈكلۈك باغ بەرپا قىلىندى، 1990-يىلغا كەلگەندە ئومۇمىي باغ كۆلىمى 13 مىڭ 626 موغا يەتتى، 1989-يىلىدىكىگە قارىغاندا مېۋە مەھسۇلاتى 26%، ئىقتىسادىي قىممىتى 18% ئاشتى.

تۇرسۇن نىياز مۇھەممەت نىياز

## دول يېزىسىدا ئېچىش خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان ئورمانچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرى تېز كۆپەيدى

لوپ ناھىيىسىنىڭ دول يېزىسى پارتكومىنىڭ ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتىكى فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكتىن، ئېچىش خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان ئورمانچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرى تېز كۆپەيدى. ھازىرغا كەلگەندە بۇ ئائىلىلەر 25 كە يېتىپ، ئۇلارنىڭ قۇملۇق، زەيكەشلىكلەرنى ئېچىپ بىنا قىلغان ئورمان كۆلىمى 1430 موغا يەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ماتېرىيال ئورمان كۆلىمى 480 موغا، دەرەخ سانى 100 مىڭ 160 تۈپكە، يېقىلغۇ ئورمان 857 موغا، دەرەخ سانى 117 مىڭ 992 تۈپكە، ئىقتىسادىي ئورمان 93 موغا، دەرەخ سانى 15 مىڭ 208 تۈپكە يەتتى. قۇملۇق، زەيكەشلىكلەرنىڭ يېشىللىققا پۈركىنىشى يېزىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

نۇرمۇھەممەت ماخمۇت

## چىرا ناھىيىسى قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى پۇختا تۈزۈپ، بالدۇر ئەمەلىيلەشتۈردى

چىرا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئىلگىرىكى يىللاردىكى تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئاساسەن، بۇ يىللىقى قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى پۇختا تۈزۈپ، بالدۇر ئەمەلىيلەشتۈردى.

بۇ تەدبىرلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ھازىر بار بولغان چوڭ-كىچىك يەتتە سۇ ئامبىرىدىكى 30 مىليون كۇب مېتىرغا يېقىن سۇنى ياخشى باشقۇرۇپ، پىلانلىق ئىشلىتىش ئارقىلىق 100 مىڭ مو يەرنى سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش.

2. ھازىرغىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، تەلەپكە يەتكەن ھەم تولۇق يۈرۈشلەشكەن، ئۇزۇن يىل ئىشلىتىشكە بولىدىغان 16 قۇدۇقنىڭ يىللىق سۇغىرىش مىقدارىنى 20 مىڭ مودىن ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، يەر ئاستى سۈيىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن قۇدۇقلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈشكە دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىش.

3. ھازىر بار تەبىئىي بۇلاق ۋە كارىز سۈيىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئېچىشقا تېگىشلىك بۇلاق كۆزلىرى ھەم تەبىئىي سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىپ، 3000 مو يەرنى سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش.

4. ھازىر بار بولغان چوڭ-كىچىك ئېرىق-ئۆستەڭ، ئازمازاكو، تاش ئۆستەڭ ۋە سۇ سىڭمەيدىغان ئۆستەڭلەرنىڭ ئەتىيازلىق رېمونتىنى ياخشى ئىشلەپ، سۇنىڭ ئىسراپ بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، سۇنىڭ سىڭىپ كېتىش نىسبىتىنى ئۆتكەن يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 10 پىرسەنتتىن كۆپرەك تۆۋەنلىتىش، ئامبارمۇدا پەمپىيەسىنى كۈچەيتىپ، يار ئېلىپ كېتىشنىڭ ھەققىي ئالدىنى ئېلىش.

5. ھازىر بار بولغان ئېقىن سۇدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئىلمىي ئۇسۇلدا سۇ باشقۇرۇش، كۆلەمنى سۇغا قاراپ بېكىتىپ، تۇپراق ئەھۋالىغا قاراپ سۇ بېرىش، بىر مو ئاق يەر ئۈچۈن 70 كۇب مېتىردىن 90 كۇب مېتىرغىچە، بىر مو يەرنىڭ كۆك سۈيى ئۈچۈن 50 كۇب مېتىردىن 70 كۇب مېتىرغىچە سۇ ئىشلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ 320 مىڭ مو يەرنى ئۆلچەملىك سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش.

ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ھەر قايسى يېزا-بازارلار ۋە كەنت، مەھەللىلەردىن ئۇنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەدبىرلەر بويىچە سۇ باشقۇرۇش كۈچەيتىلگەنلىكتىن، ناھىيە بويىچە كۈزلۈك يېرى، بېدىلىك، ئورمان ۋە باغ يەرلىرىنىڭ ۋاقتىدا سۇغىرىلىشى ھەمدە بۇغداينىڭ بىرىنچى سۈيىنىڭ ۋاقتىدا بېرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

ئوبۇلقاسىم ھەسەن

## پىلە-ئۈجمىچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ...

پىلە-ئۈجمىچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق ئىلچى يېزىسىنىڭ ناۋاغ كەنت 1-مەھەللە گۈزۈ پېشىدىكى دېھقانلار بۇ يىللىق كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ كۆپلەپ ئۈجمە كۆچىتى تىكتى. 3-ئاينىڭ 20-كۈنىگىچە 1500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىق بويلىرىغا 1345 تۈپ ئۈجمە كۆچىتى تىكىلدى. تىكىلگەن ئۈجمە كۆچىتى ئۆتكەن يىلغا قارىغاندا 200 تۈپ كۆپ بولۇپ، ھەر بىر نوپۇسقا ئاتتە تۈپتىن توغرا كەلدى.

ھەبىبۇللا بەكرى
تۇرسۇن مۇھەممەت

(بۇ بەتنىڭ مەسئۇل تەھرىرى: ئابدۇقادىر ئابدۇخالىق)



خوتەن ناھىيىسىدىكى بوزاق يېزىسىنىڭ ئازنەبازار مەھەللە كومىتېتىغا قاراشلىق مەھەللىسىدىكى دېھقان مۇھەممەت تۇرسۇن بەردى ئۆتكەن يىلى بىر دانە كىچىك تراكتور سېتىۋالغانىدى. ئۇ، بۇ تراكتور بىلەن بىر تەرەپتىن كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى ئاغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا ھەمكارلاشسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇۋاپىق ھەق ئېلىپ ئائىلە كىرىمىنى كۆپەيتتى.

سۈرەتتە: ئۇ تراكتور بىلەن يەر ئاغدۇرماقتا.

(مۇھەممەت يۈسۈپ فوتوسى)

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

# خوتەن گېزىتى

和田报

1991-يىل
ئاپرېل
11
(پەيشەنبە)
4957-سان

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65—0053/Z ، ۋەكالەت نومۇرى: 28—57


## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ بۇيرۇقى

43-نومۇرلۇق

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4-يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن:

1. زوجياخۇا گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىلىقىغا تەيىنلەنسۇن، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلسۇن.
2. جۇرۇڭجى گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىلىقىغا تەيىنلەنسۇن.
3. چيەنچىچېن دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىقىغا تەيىنلەنسۇن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى

ياڭ شاڭكۇن

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8-ئاپرېل خەۋىرى)

## خوتەن شەھەرلىك ئاشلىق ئىسكىلاتى

## 4-قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن شارائىت يارىتىشقا بەل باغلىدى

ئۆز خەۋىرىمىز. بىرقانچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونى بويىچە مەدەنىيەتلىك ئورۇن— خوتەن شەھەرلىك ئاشلىق ئىسكىلاتىدىكى بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار جكپ ئاپتونوم رايونلۇق 4-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى نۆۋەتتىكى بىرىنچى دەرىجىلىك ئىش قىلىپ، ئەتىياز پەسلىدىكى ئاشلىققا مىتە چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەپ، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن شارائىت يارىتىشقا بەل باغلىدى.

خوتەن شەھەرلىك ئاشلىق ئىسكىلاتىدىكى بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار جكپ ئاپتونوم رايونلۇق 4-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەندىن كېيىن مۇنداق دەپ ھېس قىلدى: جكپ ئاپتونوم رايونلۇق 4-قۇرۇلتىيى ئىتتىپاقلىق قۇرۇلتىيى، غەيرەتنى ئۇرغۇتىدىغان قۇرۇلتاي، شىنجاڭنى گۈللەندۈرىدىغان قۇرۇلتاي بولدى. يولداش سۇڭ خەنلياڭنىڭ دوكلاتىدا ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئىزلەنگەن، تەدبىرلەر كونكرېت، نىشانى ئېنىق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدۇ. پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار قۇرۇلتاينىڭ روھىنى چوڭقۇر كونكرېت خىزمەتلەردە ئەمەلىيلەشتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەتىياز پەسلىدىكى ئاشلىققا مىتە چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ ئىسكىلات «تۆتتىن خالى ئىسكىلات» بەرپا قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئىش تەقسىماتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كونكرېت تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئاشلىققا مىتە چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەشكە تەشكىللىدى. قەرەللىك ۋە قەرەلسىز ھالدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، خىزمەتنى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مۇكاپاتى بىلەن بىۋاسىتە چېتىپ، بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداشقا بەل باغلىدى.

بۇ ئىسكىلات پارتىيە ياچېيكىسى يەنە مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: ئاشلىق، ماي تاۋار ئوبوروتى خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش؛ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى دائىم بوشاشماي تۇتۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، ھەر ساھە خىزمەتلەردە بىر بالداق ئۆرلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئۆزىگە قاراشلىق «چوڭ ئۆرۈك» ئاشخانىسىغا مەبلەغ سېلىپ، ئۇنىڭ تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تېز ئوزۇقلىنىش ئاشخانىسى تەسىس قىلىپ، مۇنچىنى ئۆزگەرتىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىش، بىر قىسىم خادىم[illegible] مەسىلىسىنى ھەل قىلىش.

## لوپ ۋە خوتەن ناھىيىلىرى 4-قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل يەتكۈزدى

ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز سۇنۇشى، رېن شىنلەر خەۋەر قىلىدۇ: پارتىيىلىك رەھبەرلەر باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئۆزجايىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىش— لوپ ناھىيىسىنىڭ جكپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 4-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل يەتكۈزۈش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى.

4-ئاينىڭ 2-كۈنى ناھىيە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار باشماقالە ۋە ھۆججەتلەرنى ئۆگەندى، ئۆزجايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ قىزغىن مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. ئۇلار مۇنداق دېدى: 4-قۇرۇلتاي ئىتتىپاقلىق قۇرۇلتىيى، غەيرەتنى ئۇرغۇتىدىغان قۇرۇلتاي بولدى. بىز ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، نامراتلىقنىڭ يىلتىزىنى تېپىشىمىز، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قەدىمىمىزنى تېزلىتىشىمىز لازىم. 4-ئاينىڭ 3-كۈنى بۇ ناھىيە ئورگاندىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە يېزا-بازارلىق پارتكوملارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان يىغىن ئاچتى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جىيا خېچېن قۇرۇلتاينىڭ ھۆججەتلىرىنى تەپسىلىي يەتكۈزدى. ئۇ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلاردىن قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۆرەشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، لوپنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

(ئاخىرى 4-بەتتە)

## جىيا ۋېيۈلۇدىن ئۆگىنىپ، جىيا ۋېيۈلۇچە يېڭى كىشىلەردىن بولايلى

### «خوتەن گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمى «جىيا ۋېيۈلۇ» كىنو فىلىمى ئۈستىدە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى

ئۆز مۇخبىرىمىز سىدىق قاۋۇز خەۋەر قىلىدۇ: رەڭلىك ھېكايە فىلىم— «جىيا ۋېيۈلۇ» ۋىلايىتىمىزدە قويۇلغاندىن كېيىن، كەڭ ئاممىنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالدى. سانسىزلىغان كىشىلەر بۇ فىلىمنى ئارقا-ئارقىدىن كۆرۈپ، ھا[illegible] لىيىنىڭ ياخشى كادىرى، تە-

بىمىي ئاپەتكە قارشى كۆرەش قىلىش داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن ئىلغار شەخس— جىيا ۋېيۈلۇنىڭ تەسىرلىك ئىش-ئىزلىرىنى ئەسلەشتى ۋە ئۇنىڭ ئالىيجاناب روھىنى مەدھىيىلەشتى. گېزىتىمىز تەھرىر بۆلۈمى ئاممىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىنكاسلىرى[illegible] يۈزە[illegible]دىن 4-ئاينىڭ 6-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋىلايەت ھەم شەھەرگە قاراشلىق ئىدارە-جەمئىيەت، مەكتەپ، كارخانىلاردىن...

يانتىلىق مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، جان-دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي تەبىئىي ئاپەتكە قارشى جان تىكىپ كۆرەش قىلىپ، ئاممىنى لەنكاۋنىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئىلھاملاندۇردى. ئېگىلمەس— سۇنماس روھ بىلەن جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ، قىيىنچىلىق ئىچىدىن ئۈمىدنى، يورۇقلۇقنى كۆرۈش-...

## بىڭتۇەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 4-قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل

ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر ساھە خىزمەتلىرىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەشكە...

## بىڭتۈەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 4-قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر ساھە خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈپ ياخشى ئىشلەشكە بەل باغلىدى

ئۆز مۇخبىرىمىز جاڭ يىلىڭ خەۋەر قىلىدۇ: يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيىلىك كادىرلارنى ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 4- قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشكە پائال تەشكىللىدى. ھەممە قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ۋاقتىدا ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەرساھە خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈپ ياخشى ئىشلەشكە بەل باغلىدى.

بىڭتۈەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى پارتىيىلىك كادىرلار ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 4- قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن بىردەك مۇنداق دەپ ھېس قىلىشتى: يولداش سۇڭ خەنلياڭنىڭ دوكلاتى نەزەرىيىۋىلىكى، ئەمەلىيلىكى، قاراتمىلىقى، يېتەكلەشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك دوكلات بولۇپ، دوكلاتقا باشتىن- ئاياغ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يېتەكچى ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن، بىڭتۈەننىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ۋە مۇھىم رولى گەۋدىلەندۈرۈلگەن...

## غەيرەتمىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، فابرىكىمىزنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشىمەن

### — مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىشچىسى ئامىنە ئابدۇكېرىمنى زىيارەت

ئۆز مۇخبىرىمىز سىدىق قاۋۇز

مەن 4- ئاينىڭ 5-كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ... 

## ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى ھەربىي سەپتىن قايتقان جەڭچىلەرنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى

مۇخبىرلىرىمىز چېن بۇڭ، جۇفېڭلار خەۋەر قىلىدۇ: ...

(ئاخىرى 4- بەتتە)

# خوتەن گېزىتى

和田报

1991-يىل
ئاپرېل
13
(شەنبە)
4958-سان

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65—0053/Z، ۋەكالەت نومۇرى: 57—28


## 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4-يىغىنى يېپىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9-ئاپرېل خەۋىرى. 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4-يىغىنى قاراپ چىقىلغان تۈرلۈك تەكلىپ لايىھىلىرىگە ئاۋاز بېرىپ بولغاندىن كېيىن، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن خەلق سارىيىدا يېپىلدى.

يىغىندا گوۋۇيۈەن ئوتتۇرىغا قويغان «خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئون يىللىق پىلانى ۋە 8-بەش يىللىق پىلان تېزىسى» شۇنداقلا لى پېڭ زۇڭلىنىڭ بۇ تېزىس توغرىسىدا بەرگەن دوكلاتى تەستىقلاندى. يىغىن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قارار ماقۇللاپ، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە دەۋرنىڭ تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەتكە پائال ئاتلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ، تارىخ بىزگە تاپشۇرغان مۇقەددەس

لىقلار بىلەن بىللە رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى.

يىغىنغا ئىجرائىيە رەئىس، كومىتېت باشلىقى ۋەن لى رىياسەتچىلىك قىلدى. بۈگۈنكى يىغىنغا 2610 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى.

ۋەكىللەر ئېلېكترونلۇق ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلىدا ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئالدى بىلەن تېزىس ۋە تېزىس دوكلاتى توغرىسىدىكى قارارنى ماقۇللىدى. ئارقىدىن 1990-يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 1991-يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى توغرىسىدىكى قارار، 1990-يىللىق دۆلەت خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 1991-يىللىق دۆلەت خامچوتى توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى.

بۈگۈنكى يىغىندا ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق يەنە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» ماقۇللاندى. بۇ قانۇن جەمئىي تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، 29 باب، ئۇ ئومۇمىي پرىنسىپ، سوراق

تېت باشلىقى ۋەن لى 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4-يىغىنىنىڭ يېپىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ھەربىي ئوركېستىر ھەيۋەتلىك جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شېئىرىنى ئورۇندىدى.

بۈگۈنكى يىغىندا رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغانلاردىن يەنە تيەن جىيۈن، لى تيېيىڭ، لى شىمىڭ، ۋۇ شۆچيەن، چىن جىۋېي، دىڭ گۇەنگېن، بو يىبو، ليۇ خۇاچىڭ، ياڭ بەيبىڭ، ۋۇ ۋېن جياباۋ، زوجيا خۇا، ۋاڭ بىڭچيەن، سۇڭ جيەن، ۋاڭ فاڭ، لى گۇيشيەن، چېن شىتوڭ، چېن جۇنشېڭ، چيەن چىچېن، رېن جيەنشىن، ليۇ فۇجى، ۋاڭ رېنجۇڭ، خوڭ شۆجى، گۇ مۇ، ياڭ جىڭرېن، كاڭ كېچىڭ، جۇ پېيۈەن، ۋاڭ گۇاڭيىڭ، چاۋ پۇچۇ، ماۋ بىرۇي، ۋاڭ ئېنماۋ، خۇ شېڭ، سۇن شياۋسۇن، چېڭ سىيۈەن، سۇ بۇچىڭ، ئىسمائىل ئەھمەت، خۇ جىڭرۇ، يې شۆەنپىڭلار بار.

مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىك ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار

## ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ئورتاق يارىتايلى

### — 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4-يىغىنى، سىياسىي كېڭەش 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4-يىغىنىنىڭ يېپىلغانلىقىنى تەبرىكلەيمىز

خەلق گېزىتى
باشماقالىسى

ئاپرېل، ھەر خىل گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان بېيجىڭدا مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى كۆز تىككەن 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4-يىغىنى ۋە سىياسىي كېڭەش 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 4-يىغىنى غەلىبىلىك يېپىلدى.

ئېلىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە ئېچىلغان «ئىككى يىغىن» بارلىق ۋەكىللەر ۋە ئەزالارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، ناھايىتى ياخشى ئېچىلدى، بەلگىلەنگەن تۈرلۈك كۈنتەرتىپلەرنى تولۇق ئورۇندىدى، ئۇ، دېموكراتىك يىغىن، ئىتتىپاقلىق يىغىنى، ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزلەيدىغان يىغىن، جۇڭخۇا ئوغۇل-قىزلىرىنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇلۇغۋار نىشانغا قاراپ باتۇرلارچە يۈرۈش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان يىغىن بولدى.

ۋەكىللەر ۋە ئەزالار لى پېڭ زۇڭلى بەرگەن «خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئون يىللىق پىلانى ۋە 8-بەش يىللىق پىلان تېزىسى توغرىسىدىكى دوكلات»قا ۋە «تېزىس»قا يۇقىرى باھا بەردى، بۇ ئىككى ھۆججەتتە ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى نەزەر تاشلىغان، ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن، ئۇ كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ. ئۇ 90-يىللاردا جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ھەرىكەت پروگراممىسى. ئون يىللىق پىلان ۋە 8-بەش يىللىق پىلان تېزىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىگىلىك يارىتىش تارىخىدا يېڭى نامايەندە بولۇپ قالىدۇ، دۆلىتىمىز تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ قىياپەت بىلەن دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا قەددىنى تۇرۇپ تۇرالايدۇ، دەپ ھېسابلىدى. ئىككى يىغىندا كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىتتىپاق قىلىشىپ كۆرەش قىلىپ، 90-يىللاردا تېخىمۇ گۈزەل سەھىپە يارىتىش، تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ

تەستىقلانغاندىن ئۆتكەن ئون يىللىق پىلان ۋە 8-بەش يىللىق پىلان تېزىسى دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ئايلىنىپ، دوپۇزلۇق خاراكتېرگە ۋە چاقىرىق قىلىش كۈچىگە ئىگە بولدى. ھازىر نىشان ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى، فاكجېن بېكىتىلىپ بولدى، ۋەزىپە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم خىزمەت ئۇنى قەتئىي ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، گۈزەل ئۇلۇغۋار پىلاننى قەددەممۇ قەدەم، سەلتەنەتلىك ھالدا رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

«تېزىس»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تونۇشنى، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم. ئىلگىرىكى بەش يىللىق پىلاننى تەشۋىق قىلىش، يولغا قويۇش جەھەتتىكى ياخشى تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئون يىللىق پىلان ۋە 8-بەش يىللىق پىلاندىكى ئاساسلىق كۆرەش نىشانىنى، ئاساسىي يېتەكچى فاكجېننى داغدۇغىلىق تەشۋىق قىلىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋەزىپىلىرىنى، تەلەپلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇنى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇش لازىم. «تېزىس» پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى 12 ماددىلىق پرىنسىپنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى، پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئون يىللىق پىلانى ۋە 8-بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى»نىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى. «تېزىس»نى ئۆگىنىشنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، 12 ماددىلىق پرىنسىپ ۋە «تەكلىپ»نى ئۆگىنىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئىگىلەش لازىم. بولۇپمۇ بەش ماددىلىق ئاساسىي يېتەكچى فاكجېننى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش

# خوتەن گېزىتى

和田报

1991-يىل
ئاپرېل
25
(پەيشەنبە)
4961-سان

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN65—0053/Z، ۋەكالەت نومۇرى: 28—57


### تۇساللا يېزىسىغا بارغان سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئۆمىكى

## سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىدىيەۋى تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ بېرىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقادىنى قەتئىيلەشتۈردى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ئابدۇلئەھەد قادىر خەۋەر قىلىدۇ: خوتەن ناھىيىسىنىڭ تۇساللا يېزىسىغا بارغان سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئۆمىكى پارتىيە - ئىتتىپاق ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئاممىغا تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىدىيەۋى تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقادىنى قەتئىيلەشتۈردى.

بۇ خىزمەت ئۆمىكىدىكىلەر يېزىغا بارغاندىن كېيىن، يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى ئارقىسىدا، 19 كەنت، 15 ئىدارە-جەمئىيەت ۋە كارخانىغا بېرىپ، پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا سوتسىيالىزم تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى. تۈرلۈك شەكىلدىكى ئۆگىنىشكە قاتناشقان ئاساسىي قاتلام كادىرى 1448 ئادەم (قېتىم)گە، پارتىيە ئەزاسى 1592 ئادەم (قېتىم)گە، ئىشچى-خىزمەتچى، ئوقۇتقۇچىلار 3360 ئادەم (قېتىم)گە، دېھقان-چارۋىچى 4160 قا يەتتى. ئۆگىنىش جەريانىدا ماتېرىيال ئۆگىنىش، سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش، مۇزاكىرە قىلىپ تونۇشنى، تەسىراتىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيەۋى ئەندىشىلىرى تۈگىتىلىپ، سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقادى كۈچەيتىلىپ، سوتسىيالىزم يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق روھىنى جارى قىلدۇرۇش ئاڭلىقلىقى ئۆستۈرۈلدى. سوتسىيالىزمنى، كوللېكتىپنى سۆيۈش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، كوللېكتىپ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىشتەك ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللەندى. بۇنىڭ بىلەن كادىرلار ۋە ئامما كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۆز زىممىسىدە قالغان كوللېكتىپقا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج، سۇ ھەققى، چارۋا مالنى ھەمكارلىشىپ داۋالاش پۇلى قاتارلىقلاردىن 24 مىڭ يۈەننى تولۇقلاپ تاپشۇردى؛ ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بېرى يان قايتۇرماي كەلگەن 54 مىڭ يۈەن قەرزنى قايتۇردى؛ يېزىغا قاراشلىق كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار يۇقىرىغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 20 مىڭ يۈەن پايدىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تولۇقلاپ تاپشۇردى.

سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، بۇ يېزىنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىدا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولدى، ئەتىيازلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ھەرقايسى يىللاردىكىدىن ياخشى ئىشلەپ بېرىلدى.

يېزا-بازارلارغا بارىدىغان كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش كۇرسى ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىدە باشلاندى

## بىڭتۇەن روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، خوتەندە يىلتىز تارتىپ، خوتەننى گۈللەندۈرەيلى

ئۆز مۇخبىرىمىز ساۋ خۇيجۈن خەۋەر قىلىدۇ: يىل بېشىدا بىڭ- ... تارتىشتا، ئالدى بىلەن ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ماركسىزملىق دۇنيا قا- ... ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداش، خىزمەت ...

## لىيۇ يىخۇەن جياڭسۇدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىملىقىنى تەكىتلىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنجىڭ، 21-ئاپرېل خەۋىرى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى لىيۇ يىخۇەن جياڭسۇدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

لىيۇ يىخۇەن 4-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن 20-كۈنىگىچە ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ سۇجۇ، ۋۇشى، چاڭجۇ، جېنجياڭ، ياڭجۇ، نەنجىڭ قاتارلىق شەھەرلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ، زاۋۇت، يېزا، ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئەھۋال ئىگىلەپ، مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلدى.

لىيۇ يىخۇەن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئىستراتېگىيىلىك نىشان ئۇلۇغۋار، كىشىلەرگە ئىلھام بېرىدۇ، بۇ جەرياندا يولۇقىدىغان قىيىنچىلىق چوقۇم ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. ئەگرى-توقايلىقلارنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئەمەلىيەتنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا توغرا يەكۈنلىشىمىز لازىم. ئۇ مۇنداق دېدى: ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەشكە ئەھمىيەت بېرىش — ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي تەلىپى، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. پارتىيىمىز ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، پىششىپ يېتىلگەن، ئۈزلۈكسىز غەلىبىگە قاراپ ماڭغان. پارتىيىنىڭ 7-قۇرۇلتىيى تارىختىكى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، توغرا لۇشيەننى تۈزۈپ چىققان. پارتىيىمىز خەلقنى يېتەكلەپ ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى جۇڭگونى قۇرغان. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بولۇپمۇ ئون يىل داۋاملاشقان مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبىلىرى ئەستايىدىل يەكۈنلىنىپ، پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى تۈزۈلۈپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قاتارلىق بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلەر يولغا قويۇلۇپ، دۇنيا بويىچە ھەممە ئېتىراپ قىلغۇدەك مۇۋەپپەقىيەتلەر يارىتىلدى.

لىيۇ يىخۇەن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، يېڭى-يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، مول تەجرىبىلەرنى توپلىدى. بۇ تەجرىبىلەر ئاسان قولغا كەلمىگەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن غايەت زور بەدەل تۆلەنگەن، ئۇ ئىنتايىن قىممەتلىك. ئۆتكەنكىنى كېيىنكىگە ئىبرەت قىلىپ، بۇ تەجرىبىلەرنى توغرا يەكۈنلەش، ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىش — ئىدىيىۋى تونۇشىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش يولىدا ئىزدىنىش

### — خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ قەشقەر سەپىرى توغرىسىدا

«سۈپەت، تۈر، ئۈنۈم يىلى»دىكى ئىشلارنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەش كېرەك؟ 2-ئاينىڭ ئاخىرىدا خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئۈچ تۈركۈم ئادەم تەشكىللەپ، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا تەجرىبە ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق 171 خىل ... رۇپ، بىر-بىرلەپ تەتقىق قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈردى. كۆپچىلىك سەپىرىنىڭ بىكارغا كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلىشتى.

توقۇش سېخىنىڭ مۇدىرى سالماقچى، ماتېرىيال تەييارلىنىپ بولدى. مۇنداق دېدى: بىز بۇ قېتىمقى ئۆگىنىشتە 30 خىل پەرقنى تېپىپ چىقتۇق. ئاددىي، ئاسان يولغا قويغىلى بولىدىغان، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان 11 خىل ... بىر تەرەپ قىلىش ئۆيى رەختلىرىنى ناھايىتى ياخشى قاتلايدىكەن. بىزمۇ سۈپەتسىز رەختنى بىر تەرەپ قىلىش ئۆيى ... ماشىنا باشقۇرغۇچىلارنى ... تەكشۈرۈشىمىز ئىنتايىن قاتتىق بولغان بولسىمۇ، ئەمما ...




## يېڭىدىن گۈللەنگەن كارخانىلار ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا بەس - بەستە تۆھپە قوشماقتا

خوتەن شەھەرلىك ئېشەك يىلىمى زاۋۇتى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ۋاڭ لېچۈەننىڭ بىۋاستە غەمخورلۇقى ئاستىدا قۇرۇلغان «ئاپتونوم رايوننىڭ ئۈچقۇن تېخنىكا تەرەققىيات تۈرى» دىكى زاۋۇت. بۇ زاۋۇت 1993 -يىلى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە سىناق تەرىقىسىدە جەمئىي 22 تونna ئېشەك يىلىمى ئىشلەپچىقىرىپ، 1 مىليون 360 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى، 580 مىڭ يۈەنلىك ئومۇمىي پايدا ياراتتى!

بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان ئېشەك يىلىمىنىڭ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرى جۇڭگو دورىگەرلىك قامۇسىدا بەلگىلەنگەن تەلەپلەرگە ئۇيغۇن بولدى، بەزى كۆرسەتكۈچلەر شەندۇڭ «دۇڭئې» ئېشەك يىلىمى زاۋۇتى بەلگىلىگەن ئىچكى جەھەتتە كونترول قىلىش كۆرسەتكۈچىگە يەتتى ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى، سۈپىتى ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆلچىمىگە يەتتى.

ئۇسكۈنىلەردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، پەسىل خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش يىل بويى ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىلدى. بۇ زاۋۇت يۈرۈشلەشكەن ئېشەك يىلىمى مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بەزى مەھسۇلاتلارنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشلەپچىقىرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

خوتەن شەھەرلىك مېۋە مەھسۇلاتى، ئىچىملىك باش شىركىتى ئۆرۈك شىرىسىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىپ، يۈرۈشلەشتۈرۈپ راۋاجلاندۇرىدىغان مېۋە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى بولۇپ، 1992 - يىلى 9 - ئايدا يۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن بۇيان 200 نەچچە تونna مېۋە شىرىسىنى ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلاتى ئەسلىدىكى بىر خىلدىن تەرەققىي قىلىپ، 10 نەچچە خىلغا يەتتى.


بۇ شىركەت خوتەن، ئۈرۈمچى، چېڭدۇ، گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلاردا سېتىش نۇقتىسى شەكىللەندۈردى، 1994 - يىلى 450 تونna تۈرلۈك مېۋە شىرىسى ئىشلەپچىقىرىپ، 4 مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى، 200 مىڭ يۈەنلىك پايدىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پىلانلىدى.

خوتەن شەھەرلىك ھۈنەر - سەنئەت شىركىتى 1989 - يىلى 10 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ چاغدىكى تۇراقسىز مەبلىغى 30 مىڭ يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى. ئاران تۆت دانە تىجارەت پۈكىيى بار ئىدى، يىللىق سېتىش سوممىسى 50 مىڭ يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى. 1991-يىلى «قاشتېشى بۇيۇملىرى ئاساسىي ھۇجۇم نىشانى قىلىنىپ، بۇنىڭغا ئالاقىدار كەسىپلەرنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش» تىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېن بېكىتىلىپ، شىركەت كۈنسايىن يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىركەتنىڭ تۇراقلىق مەبلىغى 1 مىليون يۈەندىن، يىللىق سېتىش سوممىسى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن، پايدىسى 100 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، قاشتېشى بۇيۇملىرىنى پارچە سېتىشنى باشلامچى، قاشتېشى بۇيۇملىرىنى لايىھىلەش، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى، ئاپتوموبىل ترانسپورتىنى قوشۇمچە قىلىشنى تەڭ ئېلىپ بېرىشتەك تىجارەت قېلىپىنى شەكىللەندۈرۈپ، سۈپەت جەھەتتە سەكرەشنى ئىشقا ئاشۇردى.

بۇ يىل يەنە شەھەرلىك ھۈنەر - سەنئەت شىركىتى ئاساسىدا شەھەرلىك ساياھەت شىركىتى تەشكىل قىلىنىپ، قاشتېشى

## سودا ئىشلىرى گۈللەپ ياشنىماقتا



خوتەن شەھەرلىك مەركىزىي سودا بازىرى شىنجاڭ بويىچە 2چوڭ سودا بازىرى بولۇپ، كۈنلۈك سودا سېتىق سوممىسى 30 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ.

خوتەن شەھىرى تارىختا غەربىي دىياردىكى 36 بەگلىك ئىچىدىكى داڭلىق بەگلىك ۋە يىپەك يولىدىكى مۇھىم بازار ئىدى. ئۇزاق تارىختىن بېرى بۇ يەردە سودا ئىشلىرى ئۈزۈلمەي كەلگەن. بۈگۈنكى خوتەن خەلقى سودا ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ تونۇپ يەتتى.

شەھەر قۇرۇلغان 10 يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرى چەكلەپ، بىر قەدەر يۇقىرى ئابرويغا ئېرىشتى. «شەرق شامىلى» سودا سارىيى خېرىدار سانى ۋە كۈنلۈك تىجارەت سوممىسى جەھەتتە شەھەر بويىچە ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان سودا سارىيىغا ئايلاندى. بۇ ساراي ھەر يىلى دۆلەتكە 600 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى باج - پايدا تاپشۇرىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا سارايلىرى كەسكىن بازار رىقابىتىدە، ئىسلاھات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىچكى

كىشىگە يېتىپ، 1984- يىلىدىكىدىن 50% كۆپەيدى؛ 1984- يىلى ھەر بىر يەككە تىجارەتچى ئائىلىنىڭ تىزىملاتقان ئوتتۇرىچە مەبلىغى 560 يۈەن بولغان بولسا، ھازىرقى ئوتتۇرىچە مەبلىغى 4000 يۈەندىن ئېشىپ،

